# غەربىي دىيار

# نەزەرىيىسى








2024-5 / 1445-10

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى
خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ سابىق
ھاۋا ئارمىيە گېنېرالى، خىتاينىڭ داڭلىق
ھەربىي ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى: لىيۇيا جۇ

www.taklimakan.biz

# غەربىي دىيار نەزەرىيىسى

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ سابىق ھاۋا ئارمىيە گېنېرالى، خىتاينىڭ داڭلىق ھەربىي ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى: لىيۇيا جۇ




**2024 ـ 05 / 1445 ـ 10**

# مۇندەرىجە

تەقرىز ........................................ 1
كىرىش سۆز ................................... 2
1 ـ دۇنيانىڭ مەركىزى ........................ 4
2 ـ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئاجىزلىشىشى ............ 16
3 ـ شاڭداڭ ۋە (شەرقىي تۈركىستان)نى تالىشىش كۈرىشى ......... 32
4 ـ يەنە بىر «غەربىي دىيار» ................... 62
5 ـ خاتىمە .................................... 68

# تەقرىز

ئوقۇرمەنلەر سەمىگە:

ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم! ئاپتور مەزكۇر كىتابتا ئۆزىنىڭ شەخسىي كۆزقاراشلىرى ۋە چۈشەنچىلىرىنى كەڭرى يايغان بولۇپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قارىغان، زەھەرلىك يالان تىللىرىنى ئۇزاتقان ۋە ھەسەت ئوتلىرىنى نامەردلەرچە چاچقان؛ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈستىگە ئاچچىق دۈشمەنلىك، يالغان ـ ياۋىداق ۋە ھاقارەتلىك تاشلىرىنى ياغدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئوچۇق بىلدۈرگەن. بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزىنىڭ ناھايىتى گالۋاڭ، ئەخمەق، ئەقىلسىز ۋە ھىيلىگەر تەبىئىتىنى ئاشكارىلاپ قويغان.

شۇڭلاشقا، كوممۇنىست خىتايلارنىڭ مىللىتىمىزگە ۋە يۇرتىمىزغا قوللانغان سىياسەت ۋە پوزىتسىيەلىرىنى كەڭ خەلقىمىزگە تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ ۋە تەھرىرلەپ تەييار قىلدۇق. سىزلەردىن كىتابنى ئوقۇغاندا تەنقىدىي مەيداندا تۇرۇپ، بۇنىڭدىن كەلگۈسى ئۈچۈن توغرا يەكۈن ۋە قارارلارنى چىقىرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاللاھ تائالادىن بۇ كىچىككىنە ئەمىلىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئىككىلا ئالەمدە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشىنى ۋە بۇنى ياخشىلىق تارازىمىزغا قوشۇشىنى سورايمىز، ئامىن.

مىلادىيە 2023 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

ھىجرىيە 1445 ـ يىلى جۇمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى

www.taklimakan.biz

# كىرىش سۆز

نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى چىڭ ھۆكۈمىتىدە چوڭ بىر پىكرىي دولقۇن كۆتۈرۈلدى. ئۇ بولسىمۇ «دېڭىز قىرغىقىنىڭ مۇداپىئەسىنى تۇتامدۇق ياكى قەلئەلەرنىڭمۇ؟» ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋال شۇكى، ئىككى دۆلەت چىڭ پادىشاھلىقىغا دېڭىزدىن قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قوزغىدى. رۇسىيە ئىلىنى ئىشغال قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا كۆز تىكتى. ياقۇپ بەگ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قەشقەرىيەدە خانلىق ئېلان قىلدى. شۇ دەۋردە شەرقىي تۈركىستان بىر مەزگىل داۋالغۇش ئىچىدە قېلىپ قالدى. لى خۇڭجاڭ ۋە باشقىلار «تۈركىستاندىن ۋاز كېچىپ، دېڭىزدا چوڭ ئىستىھكام قورغىنىنى قۇرۇش» تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. **64** ياشلىق زو زوڭتاڭ غەزەپلەنگەن ھالدا: «جۇڭگونىڭ تاغ ـ دەريالىرىنىڭ ھەممىسى غەرب تەرەپتىن باشلىنىدۇ. غەرب تەرەپتىن ۋاز كېچىش جۇڭگودىن ۋاز كېچىش دېمەكلىكتۇر. ئەگەر غەرب تەرەپ مۇقىم، خاتىرجەم بولسا جۇڭگونىڭ يېرىمى مۇقىم بولغان بولىدۇ» دېدى. ۋالىدىخان شى تەيخۇ زو زوڭتاڭنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى. زو زوڭتاڭ ئاندىن ئۆزىنىڭ جەسەت ساندۇقىنى يۆمىپ قوۋۇقتىن ئېلىپ چىقىپ، غەربىي دىيار تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

خۇكياڭ بالىلىرى تەڭرىتاغ ئوغلانلىرى،

جەنۇب خاتىرجەم ۋەتىنىمىز بىخەتەر...

تېخىمۇ يىراق تارىختا نەزەر تاشلىساق، خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەن ۋۇدىنىڭ دەۋرىدە خىتايلار كەڭ كۆلەمدە تەڭرىتاغقا يۈرۈش قىلدى. خۇ كۇبىڭ، چېن تاڭ، بان چاۋ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كۆپلىگەن جەڭلەرنى ئېلىپ باردى. ھونلار بولسا شەرقىي تۈركىستاندىن غەرب تەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى. بۇ دۇنيا مىقياسىدا كۆچۈش دولقۇنىنى پەيدا قىلغان ئىدى. ناۋادا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كۈچلۈك بىر سۇلالە مەۋجۇت بولۇپلا قالسا چوقۇم غەرب تەرەپكە ھەربىي يۈرۈش قىلماي قويمايتتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ۋەزىيىتى قالايمىقانلاشقاندا بولسا ئۆزلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كېتىشەتتى. كىچىك ۋاقتىمدا تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇغىنىمدا كاللامدا مۇنداق بىر سوئال پەيدا بولاتتى: «نېمە ئۈچۈن جۇڭگونىڭ بارلىق

www.taklimakan.biz

سۇلالىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ، كىشىلەر <ئەرزىمەس ، قاقاسلىق زېمىن> دەپ قارىغان شۇ غەربىي يۇرت (شەرقىي تۈركىستان)نى قايتا ـ قايتا ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ؟» . دەرۋەقە ، كېيىنچە بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا ئېرىشتىمكى ، شەرقىي تۈركىستان جۇڭگونىڭ جان تومۇرى ئىكەن .

جۇڭگوچە كۆزقاراش بىلەن جۇڭگوغا قارايدىغان بولساق جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇق ؛ دۇنياۋى كۆزقاراش بىلەن قارايدىغان بولساق جۇڭگو يېرىم ئارالدۇر . ئامېرىكا تارىخچىلىرى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىلا جۇڭگونىڭ «شەرقىي ئاسىيا يېرىم ئارىلى» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان ئىدى . يېرىم ئارالدا ياشاش ئۈچۈن ، قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە توغرا كېلىدۇ . قەدىمكى كىشىلەرنىڭ دېڭىز ـ ئوكيان قارىشى بولمىغاچقا ، ئۇلار غەربىي دىيارنى ئەۋلادمۇئەۋلاد مول ـ ھوسۇل ئېلىنىدىغان ، تالان ـ تاراج قىلىنىدىغان زېمىن دەپ قارىغان ئىدى . ئەمدىلىكتە ، كىشىلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك قارىشى ئوكياندىن يەنە قۇرۇقلۇققا يۆتكەلدى .

يەرشارى بولسىمۇ ئورتاق مۈلۈك ، ئەلۋەتتە . بىز غەربىي دىيارغا قەدىمكىلەردىنمۇ بەكرەك ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ، كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر .

www.taklimakan.biz

# 1 ـ دۇنيانىڭ مەركىزى

## جۇغراپىيە ۋە تەقدىر

ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسلىرى تارىختىن بۇيان جۇغراپىيە ئالىمگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ماكىندېرنىڭ «دۇنيا ئارىلى نەزەرىيىسى» تارىختا ئۆتكەن داڭلىق ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھەرىكەتلىرىنىڭ ۋە ئىزلىرىنىڭ خۇلاسىسىدۇر. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسلىرى يا دۇنيانىڭ مەركىزىنى كونترول قىلىپ، يا بولمىسا دۇنيانىڭ مەركىزىنى قۇرۇپ چىقىپ بايلىق ۋە ھوقۇقنى توپلاش كويىدا بولغان، شۇ ئارقىلىق ئەتراپقا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ھازىر دۇنيادا مەشھۇر ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسلىرى يوق، بىراق چوڭ دۆلەتلەر بار. چوڭ دۆلەتكە دىققەت قىلىش دۇنياغا دىققەت قىلغانغا ئوخشاشتۇر.

ئامېرىكىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت ئىستراتېگىيىسى مۇنداق: ئامېرىكىنىڭ **200** يىللىق تارىخىنى ئوقۇغاندا، پۈتۈن دۇنياغا ئېنىق تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بىر ئىستراتېگىيەلىك پرىنسىپلارنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ: ئالدى بىلەن ئادىل بولغان دۆلەت ئىچى سىياسىتىنى بەرپا قىلىپ، ئۆزىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق كۈچلەرنى تازىلاپ، شىمالىي ئامېرىكىدا «دۇنيا مەركىزى»نى قۇرۇپ چىقىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپىنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈش، ئاخىرىدا بىر پۈتىنى ياۋروپاغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ئامېرىكىدا ھاكىمىيەتنى ئىككى پارتىيە بىرگە باشقۇرىدىغان بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا پروگراممىسى تۈزگەن. ئەمما، دۆلەت ئىستراتېگىيىسى جەھەتتە خۇددى بىر گەۋدىدەك بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئالغا ئىلگىرىلىمەلەيدۇ. ئامېرىكا دۇنيا تارىخىدا ھەربىر پۇرسەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئاخىرىدا دۇنيادا تەڭداشسىز ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ، ئەمەلىي

www.taklimakan.biz

پاكىت دۇنيادىكى 200 يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە ھەربىر چوڭ دۆلەتلەرنى خىجىللىق ھېس قىلدۇردى.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ مۇھىم دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي پائالىيەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوتتۇرا شەرق ۋە كىچىك ئاسىيا رايونلىرىنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلدى. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ يەردىكى دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ ئانچە چوڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن ھازىرغىچە ئامېرىكا ئۇ يەرلەردە ئۇدا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئامېرىكىنى «نېفىت ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بارلىق مۇددىئاسى پەقەت نېفىتتىلا ئەمەس. تۆپ ھەقىقەت شۇكى، ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتى بۇ دەرىجىدىكى گۆدەكلەرچە پىكىرلەرگە قورۇلمىغان.

ئەگەر سىز ئامېرىكىنى بىرىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا «نېفىت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدى» دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئاساسىي جەھەتتىن ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە؛ ئەگەر ئامېرىكا ئافغانىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، سىز يەنىلا ئۇنى «نېفىت ئۈچۈن جەڭ قىلدى» دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنى بۇ پاتقاقتىن پۈتۈنلەي قۇتقۇزغىلى بولمىغۇدەك. دۇنيادا بۈگۈن نېفىت كەمچىل ئەمەس. ئەگەر بىز ساراسىمىگە چۈشۈپ كەتمىسەكلا نېفىت بىزگە يېتىدۇ، ئۇنداق بولىدىكەن نېفىت يېتىشمەيدۇ. نېفىتمۇ نوقۇللا بىر دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل ئەمەس، ئەلۋەتتە. نېفىت كەمچىللىكىگە دۇچار بولغان گېرمانىيە ۋە ياپونىيە ئۇرۇشتىن كېيىن يەنە قانداق بولۇپ گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى؟ نېفىت زاپىسى مول بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى نېمە ئۈچۈن پارچىلىنىپ كەتتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، نېفىتمۇ ھامان بىر كۈنى تۈگەيدۇ، ئىنسانلار ئوخشاشلا ھايات كەچۈرۈشى كېرەك. ئەنگلىيە دۇنيانى گۈللەندۈرگەندە «سودىگەر» ئىدى. ئەمما، ئامېرىكا دۇنيانى گۈللەندۈرگەندە بولسا، ئۇ پەقەت «سودىگەر»لا ئەمەس. بەزىلەر «نېفىت ئوتتۇرا شەرقنىڭ گۆھىرى، شۇنداقلا ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئاپىتى» دېيىشىدۇ. بىراق مەن ئۇنى پۈتۈنلەي گۆھەر دەپ قارايمەن. ئەگەر ئوتتۇرا شەرقتە ئاپەت بولىدىغان بولسا، ئاپەت باشقا يەردىمۇ بولۇۋېرىدۇ. شۇڭلاشقا، تەسەۋۋۇر ۋە خىيالنى

www.taklimakan.biz

ئىشنىڭ ھەقىقىتى دەپ قارىماڭ!!!

ئۇنداقتا، ئىشىنىڭ ھەقىقىتى قەيەردە؟ ئامېرىكا ھازىر يەر شارى ئىستراتېگىيىسىدىكى ھالقىلىق بىر قەدەمنى باشلىدى. ئۇ بولسىمۇ، دۇنيا مەركىزىنى كونترول قىلىشتۇر. ئۇنداقتا، دۇنيانىڭ مەركىزى قەيەردە؟

جۇڭگونىڭ تارىخىدا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار «جۇڭگو دۇنيانىڭ مەركىزى» دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو ئەزەلدىن دۇنيانىڭ مەركىزى بولغان ئەمەس. بىز پەقەت دۇنيا خەرىتىسىگە بىر قاراپلا چۈشىنەلەيمىز. دۇنيانىڭ مەركىزى دەل «ئوتتۇرا شەرق»تۇر. ئوتتۇرا دېگىز دۇنيانىڭ كىندىكىدۇر. بۇ يەردىكى ئوتتۇرا شەرق «چوڭ ئوتتۇرا شەرق»نى كۆرسىتىدۇ. غەربتە مىسىردىن باشلىنىپ، شەرقتە ئافغانىستان؛ شىمالدا بالقانغىچە بولغان كەڭرى رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ يەر، سەككىز مىڭ يىلغا ئىگە تارىخنىڭ نىشان مەركىزى ۋە دۇنيانىڭ تۆت كوچا ئېغىزىدۇر. قەدىمدىن تارتىپ بۈيۈك ھۆكۈمرانلار نەزىرىنى بۇ يەرگە تىككەن. ئالېكساندىرنىڭ ئەمەلىيىتى بار، ئەمما نەزەرىيىسى يوق بولۇپ قالغان. ناپولېئوننىڭ بولسا نەزەرىيىسى بار، ئەمما ئۇ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدى. ناپولېئون بۇ يەرنى «دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى» دەپ قارىغان. بۇ يەردە تۇرۇپ قەدىمكى زامانغا ۋە كەلگۈسىگە نەزەر سالغىلى بولىدۇ. ناۋادا ئۇ (ناپولېئون) ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغان بولسىدى، كېيىنكى قەدەمدە قىلىدىغان ئىشى مۇقەررەر ھالدا ئوتتۇرا شەرق ئارقىلىق دۇنيادىكى كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بولاتتى.

ناپولېئوندىن ئىلگىرى ئىمپېراتور پېتېرمۇ بۇ ئارزۇغا كۆپ قېتىم تەمە قىلغان بولۇپ، «جەنۇب تەرەپكە ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئېتىلىش» دېگەن ئەسىرىنى شۇنى مەركىزي ئىدىيە قىلىپ تۇرۇپ يازغان. ستالىن ئىمپېراتور پېتېرنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ باققان، بىراق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. ھەتتا گىتلېر ۋە ياپونىيەلىكلەرمۇ شۇ خىيالغا يىراقتىن قاراپ قويغان. ياپونلار جۇڭگو ۋە تىنچ ئوكيانغا يېتىپ قېلىپ، ئۆزىنى شۇ پاتقاقتىن چىقارماي تۇرۇپلا ئالدىراقسانلىق قىلىپ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغان. قانۇنىيەت شۇ بولدىكى، بۇ پىلانېتتىكى بارلىق مەشھۇر سانالغان مۇشتۇمزورلار بۇ يەرلەرنى قولغا كىرگۈزۈشنى ئارزۇ

www.taklimakan.biz

قىلىشقان.

ئىمپېرىيەنىڭ زېمىندا پۇت تىرەپ تۇرۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئىككى شەرت كېتىدۇ: بىرى ئىچكى قۇرۇقلۇق؛ يەنە بىرى مەركەز ھاكىملىقىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو قۇرۇقلۇقتا، ئامېرىكا مەركەزگە موھتاج. ئامېرىكىنىڭ قۇرۇقلۇق شەرتى مۇستەھكەملىشىپ كەتتى. ئامېرىكا ئىنتايىن ئاچكۆز بىر دۆلەت، كۆزى ئەسلا تويمايدۇ.

كارگىنىس مۇنداق دېگەن: ئەگەر كۆپ ساندىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن ئورتاق بەھرىلىنىدىغان بىر سۈپىتى دېيىلسە، ئۇلارنىڭ كۆزى ھەمىشە ئالدىغا تىكىلىپ، سىرتقى نىشانلارغا دۆلەت كۈچىدىن ھالقىپ نەزەر تاشلاش، ئىمكانىيەتلىرىدىن يىراق بولغان نىشانلارغا تەمە قىلىش ھەمدە نامەلۇم كەلگۈسىگە قاراپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلىدىغان خاراكتېرىدۇر.

نىتچېنىڭ سۆزى بۈگۈنكى ئامېرىكىلىقلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ مۇكەممەل تەبىردۇر. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ تەبىئىتىمگە كەلسەك، مەن جەڭگىۋار. ھۇجۇم قىلىش مېنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپىم ۋە خاراكتېرىمدۇر». بۇ ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئەمەس. ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، ئافغانىستاندىكى ئۇرۇشتىن باشلاپ، ئامېرىكا دۇنيانى ۋەيران قىلىشقا باشلىدى. «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇنلىغان جەڭ قىلىدىغان رايونلىرى ۋە تاللايدىغان دۈشمىنى تۇرۇقلۇق، ئۇ يەنىلا ئافغانىستانغا باشچىلاپ كىرىپ كەتتى. ھەقىقەتەن، ئامېرىكا ئىشىنىڭ ئېپى ـ جېپىنى ياخشى بىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى ئامېرىكا ئۈچۈن ئاپەت بولۇپلا قالماي، يەنە سوۋغات تىزىملىكى ئىدى. سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ ئافغانىستاندىن چېكىنىشى، بىر دەۋرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرسە؛ ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ئافغانىستانغا كىرىشى بولسا يەنە بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئىراق ھەم تېخىمۇ مۇھىم جۇغراپىيىلىك سىياسەتنىڭ باشلامچىسىدۇر. ئىراق (عىراق ـ IRAQ) سۆزى قەدىمكى ئەرەب تىلىدا «قان تومۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى

www.taklimakan.biz

بولىدۇ. ئۇ يەردە خەلقئارالىق سىستېما تۈزۈلۈپ چىقىرىلغان، خەلقئارالىق ئەندىزە بولسا ئۇرۇشتىن يەكۈنلەنگەن. ئامېرىكا دۇنيا ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىراقتا ئۇرۇش قوزغىدى. بۇ جەڭ ھەقىقەتەن دۇنيا ئەندىزىسىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا ئايلاندى. ئامېرىكىلىقلار بۇ ئۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىزدىنمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ سابىق ئىدارە باشلىقى ۋالسېيىنىڭ قارىشىچە، دۇنيا ئۈچ چوڭ ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈردى (ئۈچىنچىسى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى)، ھازىرقىسى بولسا «تۆتىنچى دۇنيا ئۇرۇشى»دۇر. بوش «ئامېرىكا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئامېرىكا قىتئەسى؛ ئوتتۇرا شەرق بولسا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئوتتۇرا شەرقىدۇر» دېگەن. يەنە بىر ئامېرىكىلىق گېنېرال «ئامېرىكىلىقلار ئوتتۇرا شەرق ئۈچۈن ھەددى ـ ھېسابسىز قانلارنى تۆكۈشكە ھەر زامان تەييار» دېدى. بۇ سۆزلەردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، مانا بۇ ئامېرىكىنىڭ جاسارىتى ۋە بۈيۈك ئىرادىسىدۇر. كەلگىنى كېلىدۇ، قالغىنى قالىدۇ. ئامېرىكىلىقلار ھازىر ئالېكساندىردىن ناپالېئونغىچە، پېتېردىن برېجنېۋغىچە ھېچبىرى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان بۈيۈك مونوپوللۇق كونا كەسىپنى ۋە سانائىتىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ جۇغراپىيەۋى سىياسىتىدىكى مۇھىم مەنپەئەتلەر ئامېرىكىنىڭ قولىغا ئۆتتى. دۇنيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئامېرىكىغا پۈتۈنلەي مايىل بولدى. شۇڭا بوش: «ئامېرىكا ئافغانىستان ۋە ئىراقتا تارىختىكى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى» دېدى.

جۇغراپىيىلىك سىياسەت ئامېرىكىنىڭ بۇ ئۇرۇشنى قوزغىشىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاتا قىلغان. مەن بۇ ئۇرۇشنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەنە بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم، يەنى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسىگە قايتىش (بۇنى بۈگۈنكى ئامېرىكا مەدەنىيىتى دېيىشكە بولىدۇ). كېيىنكى ھەرىكەت كۈچى يەنىلا جۇغراپىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى ئوتتۇرا شەرقتە، يەنى بۈگۈنكى ئىراقتا. ئۇ ئانچە يىراق يەر ئەمەس، ئەرەب مەدەنىيىتىمۇ بۇ يەردىن بارلىققا كەلگەن.

ئەرەب مەدەنىيىتى 16 ـ ئەسىردىكى چوڭ جۇغراپىيىلىك بايقاشلاردىن ئىلگىرى كۈچلۈك قەد كۆتۈردى. مۇسۇلمانلار كۈننىڭ نۇرىنى توسۇۋېلىپ،

www.taklimakan.biz

ھەتتا خرىستىيان دۇنياسى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك بىسىمى ئاستىدا تەبئىي نەپەسمۇ ئالالمىدى. ئەھلى ـ سەلىپ قوشۇنلىرى شەرققە قايتا ـ قايتا يۈرۈش قىلىپ، تالاي مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىدى.

قۇستانتىنىيە ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ياۋروپا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشمە يوللار ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئۈزۈلدى ـ دە، ياۋروپالىقلار خۇددى دەھشەتلىك دوزاخنى كۆرگەندەك بولدى. ياۋروپالىقلار ھاياتلىق بىسىمى ئاستىدا تۈركۈملەپ پاراخوت ئەترەتلىرىنى ئەۋەتىپ، ئامېرىكىغا يول ئېچىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىش ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك چىقمىدى. شۇ سەۋەبلىك زور جۇغراپىيىلىك بايقاشلار كېلىپ چىقتى. ياۋروپانىڭ گۈللىنىش دەۋرىگە ئۆتۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرەب مەدەنىيىتىدىن قورقۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىنىرگىيەنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن سۈركىلىشى ئەڭ ئاخىرى بۈيۈك جۇغراپىيىلىك بايقاشلار تەرىپىدىن ئاخىرلاشتى. ئامېرىكا خرىستىئان دۇنياسىنىڭ يېڭى ئالىمى بولۇپ قالدى. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بۇ چوڭ قۇرۇقلۇقتا مۇستەھكەم ئورۇنغا ئېرىششى، ئەمەلىيەتتە ئەرەب مەدەنىيىتىدىن ئۆچ ئېلىش ئىدى. ئامېرىكىلىقلار **200** يىلدىن بۇيان بۇ يولدا تېگىرقاپلا مېڭىۋاتاتتى. بۇ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەمىشە ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىسىنى ياۋروپاغا قاراتقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىندۇر. بۇ ھەم، ئامېرىكىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىسرائىلىيەنى قوللاشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنىڭ يەنە بىر نەتىجىسىدىندۇر. ئىراق ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ «تەشۋىقات ماشىنىسى» دۇنياغا بۇ ئۇرۇشنىڭ دىن بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى قايتا ـ قايتا بايان قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەنىلا ئىككى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ مەلۇم دەرىجىدە كەسكىنلەشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ياش ۋە جۇشقۇن ئامېرىكا مەدەنىيىتى بۇ جەڭ ئارقىلىق ئەرەب مەدەنىيىتىدىنمۇ غايەت زور بولغان بىر ئورۇننى تىكلىمەكچى.

جۇغراپىيىلىك سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئامېرىكا جۇغراپىيەلىك فاشىزم تىپىدىكى دۆلەت بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىچىدە دېموكراتىك تۈزۈم بولسىمۇ، دۇنياغا نىسبەتەن فاشىست قاراشتا. «دۆلىتى ئىچىدە دېموكراتىيە تۈزۈمىنى يۈرگۈزىدىغان دۆلەتلەر فاشىزمنى شەكىللەندۈرمەيدۇ» دەپ

www.taklimakan.biz

ئويلاش ئىغىر خاتالىق. مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئامېرىكا قانات يايدۇرغىنى مەدەنىيەت زومىگەرلىكى؛ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «ئەخلاق زومىگەرلىكى» (ئەخلاق ئەۋزەللىكى) بولىدۇ. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئەرەب تېرروررچىلىرىمۇ مۇشۇنداق «ئەخلاق زومىگەرلىكى»گە ئىگە بولۇپ، كېيىنكىلەرنىڭ ئەخلاق تۇيغۇسى ئىلگىرىكىلەرگە قارىغاندا كۈچلۈكرەك.

مەدەنىيەتلەر رىقابىتىدە، جۇغراپىيىلىك ئورۇن ئەزەلدىن سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ كەلدى. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا جۇغراپىيىلىك توقۇنۇش بولمىدى، ئەمما ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قوزغىغاندىن كېيىن، بۇ توقۇنۇش گەۋدىلىك باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. غەربىي جۇڭگو ناپالېئون ۋە ئىمپېراتور پېتېرلار قولغا كىرگۈزۈشنى ئارزۇ قىلغان ھىندىستان بىلەن قوشنا بولۇپلا قالماي، يەنە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ يادرولۇق مەركىزىگە تۇتۇشىدۇ.

ئەرەب مەدەنىيىتى كېڭەيگەندە، كەڭ يېيىلغان سىمابقا ئوخشاش كىرمىگەن تۆشۈك قالمىدى. دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ قەدىمكى ئىگىزلىكتىن ئۆتكەندە، كۈچلۈك تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۆزئارا توقۇنۇشتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى گاۋ شىيەنجى قوشۇننى باشلاپ ھازىرقى قازاقىستاندا ئەرەب ئارمىيىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى. بۇ جۇڭگو بىلەن ئەرەب دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى ھازىرغىچە بولغان تۇنجى ۋە بىردىنبىر ئۇرۇشتۇر. تاڭ ئارمىيىسى بۇ جەڭدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام كۈچلىرى شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى، ئۇلار تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئەرەب مەدەنىيىتى شىنجاڭدا پەقەت خەن مەدەنىيىتىنىڭ قاتتىق قارشىلىقى ئاستىدىلا توختاپ قالدى، بولمىسا ئەسكەرلىرىنىڭ نەگە يېتىدىغانلىقىنى بىر نېمە دېمەك تەس ئىدى.


ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل يېڭى تۈستىكى ئىمپېرىيىسى تارىختىكى بارلىق ئىمپېرىيەلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ھېچقانداق زېمىن تەلىپى يوق، بولۇپمۇ جۇڭگوغا نىسبەتەنمۇ زېمىن تەلىپى يوق. ئۇ زېمىن تېررىتورىيەسىنى ئەمەس، بەلكى تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى قوغلىشىدۇ. ئۇ دۇنيادا ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلىشنى ئويلايدۇ. قانداقلا

www.taklimakan.biz

بولمسۇن ، مەدەنىيەتلەر ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلىگە ئەگەشتى . مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس .

ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە ، ئامېرىكا مەدەنىيىتى يەر شارىدىكى «مەدەنىيەتلىك كىشىلەر توپى»دىكى ئاساسلىق مەدەنىيەتكە ئايلىنىشى كېرەك . شۇڭلاشقا ، ئۇلاردا باشقا مەدەنىيەتلەرگە نىسبەتەن كەڭ قورساقلىق روھى ئىنتايىن كەمچىل . بەزى ئامېرىكىلىقلار قەتئىي ئىشىنىدۇكى ، «مەدەنىيەتنىڭ پەقەت بىرلا دەرياسى بولىدۇ ، ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ دەرياسىدۇر . مەدەنىيەتنىڭ باشقا دەريالىرى يا ئۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ ياكى قۇملۇققا غايىب بولۇپ يوقايدۇ» . شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى ، ئامېرىكا ئىسلام مەدەنىيىتىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ، ئۇ جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ، يەنى كۇڭزى مەدەنىيىتىگە قول تىقتى . گەرچە شى دۆلىتى ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ داۋامى بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئانا تېنىدىن يىراقلاشتى .

ياۋروپا قىينچىلىقتا قالغان ۋە ئاجىزلىغان ياشانغان كىشىگە ئوخشايدۇ . ئۇ كۆپىيىش ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن جىنسىي ھەۋەس تەرەپتىن بىر چەتكە قايرىپ قويۇلىدۇ . كۈچلۈك مەدەنىيەت ئاجىز مەدەنىيەتكە تاجاۋۇز قىلغاندا زوراۋانلىق قوللانمىسىمۇ ياكى قوللانمىسىمۇ بولىدۇ . ئەمما ، قانداق ۋاستىلەر قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ئاجىز مەدەنىيەتلەرنىڭ پاسسىپ شالغۇتلىشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ . مەن ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا ، كۇڭزى مەدەنىيىتىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشقا ماھىر ئىكەنلىكى ياكى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشى ئاسان ئىكەنلىكى ھەققىدە بىرنەرسە دېيەلمەيمەن . بۇنداق ئىستىقبال كىشىنى ساراسىمىگە سالىدۇ .



خرىستىئان مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى كرېست بولۇپ ، ئۇ سىرتقا كېڭەيگەن شەكلنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ .

www.taklimakan.biz



جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى تەي چى (太极图) رەسىمى بولۇپ، يىن (阴 ـ قارا) بىلەن ياڭ (阳 ـ ئاق) بىر ـ بىرىنى مەھكەم قۇچاقلىغان، ئىجىل ـ ئىناق بولۇپ ئۆتىدىغان، ئىچكى تەرەپتە تۇتىشىدىغان بىر سىمۋولنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

غەربنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ئىشلىتىلىدىغان پىچاق سىرتقا كۈچ چىقىرىشنى؛ جۇڭگونىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ئىشلىتىلىدىغان چوكا ئىچىگە كۈچ چىقىرىشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئامېرىكىلىقلار ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالدى!!!

ھەممىمىز ئەنسىز كۆزلىرىمىز بىلەن شەرقىي جەنۇبتىكى كىچىك ئارالغا تىكىلىپ تۇرغاندا، ئامېرىكىلىقلار جىمجىت ھالدا كەينىمىزدىن بىزگە يېقىنلىشىۋاتاتتى. تارىختىكى مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى (ئەگەر پىروفېسسور خانتىڭتوننىڭ سۆزىنى قۇلاققا يېقىمسىز دەپ ئويلىساق، ئۇنى «مەدەنىيەتلەر تىركىشىشى» دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ) ئىسلام دىنى، يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىيان دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دىن ئارىسىدا ئىزچىل كەسكىن بولۇپ كەلدى.

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ كۆڭزى مەدەنىيىتى «دەرياغا خىلاپلىق قىلماسلىق» پوزىتسىيىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھايات ـ ماماتلىق كۆرىشىنى پەرۋاسىز ھالدا كۆزىتىپ كەلدى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە، بۇ كۈرەش ئالدىمىزدا قانات يايدۇرۇلماقتا، ھېچ بولمىغاندا غەرب تەرەپتە شۇنداق ۋەزىيەت شەكىللەندى. بىز يەنىلا بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟ جۇڭگو ھازىر مۇھىم جۇغراپىيىلىك تۈگۈنگە ئايلاندى.

كاشكى، كۈنىمىزدە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ئەڭ ئىلغار چۈشەنچە ۋە قاراشلىرىمىزنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولغان بولسا، يات كۈچلەرگە قويۇۋاتقان تەھدىت، تەلەپ ۋە شەرتلىرىمىزنى بۇرۇنمۇ قويالىغان بولساق، ئىلگىرىمۇ ھازىرقىدەك كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىز بولغان بولسا...

www.taklimakan.biz

ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستان ۋە ئىراقتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى جۇڭگونىڭ بالدۇرراق ئىككى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا ئارىلىشىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولۇپ، جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ۋەزىيەتتىن يىراق تۇرالىشى ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ.

ئامېرىكىنىڭ زوراۋانلىقى جۇغراپىيىلىك چېگرادىن ۋە مەدەنىيەتتىن ھالقىپ كەتكەن. بۇ ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ ئامېرىكىغا ئىشىنىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەكسىچە ھەم ئامېرىكىمۇ ھەرقانداق بىر دۆلەتنى ئىشەندۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىز ئامېرىكىنىڭ بىرقاتار ھەرىكەتلىرىدە «تارىختىكى روھى»نى كۆردۇق. ئامېرىكا دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى ئىمپېرىيە قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ نىشانغا قاراپ چوڭ ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ئەگەر جۇڭگو، رۇسىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا دۆلەتلەر شىنجاڭغا ئاكتىپ ۋە مۇقىم مۇئامىلە قىلمىسا، ئامېرىكا **30** يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئۆز نىيىتىگە يېتىۋېلىشى مۇمكىن. ئامېرىكىنىڭ رەقىبى يوق. بۈگۈنكى دۇنيانى «كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيا» دېيىشكە بولمايدۇ. فىرانسىيە ۋە رۇسىيە تىلغا ئالغان «كۆپ قۇتۇپلىشىش» ئەمەلىيەتتە پەقەت سىياسەت، كۆزقاراش، ھەتتا كۆپ بولسا ئارزۇ ـ ئۈمىدتىن ئىبارەتتۇر، خالاس. ئەمما، ئۇ ئوبيېكتىپ بىر رېئاللىق ئەمەس. ئەلۋەتتە، رېئاللىق بولماسلىق بىزنىڭ ئۇنى تىرىشماستىن تۇرۇپ رېئاللىققا ئايلاندۇرماقچى ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرمەيدۇ. ھازىرقى ئەھۋال سەل غەلىتە، پۈتۈن دۇنيا ئامېرىكىغا قارشى تۇرىدۇ ـ يۇ ھەم ئامېرىكىغا تايىنىدۇ؛ ئامېرىكىنى ئۆچ كۆرىدۇ ـ يۇ ھەم ئامېرىكىنى ياخشى كۆرۈشىدۇ. **11** ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن بارلىق دۆلەتلەر ئامېرىكا بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا نىشانلىغان رەقىبنىڭ ئۆزى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئاگاھلاندۇرۇش كېرەككى، جۇڭگو چوقۇم ئۆزىنى بېسىۋېلىشى كېرەك. مېنىڭچە جۇڭگو بۇ ۋاقىتتا ئىككى خىل روھىي ھالەتنى ساقلىشى كېرەك:

**بىرىنچى: «ئۇرۇش»تىن ساقلانغىلى بولمىغان ئىكەن، «ئۇرۇش»قا**

www.taklimakan.biz

**ئالدىن كىرگەن ياخشىدۇر.**

مۇستەھكەم ۋە كېڭىيىۋاتقان جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى بولسا، ئامېرىكا ۋەكىللىكىدىكى غەرب مەدەنىيىتى بىلەن رىقابەتلىشىشتۇر. بۇ تارىخ تەرىپىدىن جۇڭگوغا يۈكلەنگەن مۇھىم مەسئۇلىيەت. ناۋادا ئۇنداق بولمايدىكەن، تارىخ بۇ مەسئۇلىيەتكە باشقا دۆلەتلەرنى تاللايدۇ. ھىندىستانمۇ ھەم بۇنىڭغا بىر نامزات بولالايدۇ. مېنىڭچە تارىخ جۇڭگو ۋە ئامېرىكىنى مەدەنىيەت رىقابىتىدىكى ئاساسلىق رەقىبلەر قىلىپ تاللىدى، چۈنكى ئۇ (تارىخ) «ئەڭ ياخشىسى يوق، پەقەت ياخشىراقى بار» دېگەننى ئىسپاتلاپ بەردى. ئەلۋەتتە، جۇڭگونىڭ غەرب تەرەپكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشى ھەرگىزمۇ ئامېرىكىدىن دۇنيانىڭ جۇغراپىيىلىك مەركىزىنى تالىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھۇجۇم ھالىتىگە ئۆتۈپ، ئامېرىكىغا قارىتا ئىستراتېگىيىلىك بىرىنچى مۇداپىئە لىنىيىسىنى قۇرۇپ چىقىشتۇر.

ئەگەر جۇڭگو **21** ـ ئەسىردە مىللىي يۈكسىلىشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدىكەن، بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى ئامېرىكىلىقلار قۇرغان توسۇقلاردىن ھالقىيالايدىغان ياكى ھالقىيالمايدىغانلىقىمىزغا باغلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىشىمۇ ياكى ئۇنداق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كەلگۈسى ئاساسلىقى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلىرى ۋە جۇڭگونىڭ ئىنكاس قايتۇرۇش ئۇسۇلىغا باغلانغان. سەل ئېھتىياتسىزلىق قىلىنسا، جۇڭگو ھالاكەت ۋەزىيىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قويغان ھەربىر ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلىرىگە قارىتا، جۇڭگو بوشاڭلىق قىلسا قەتئىي بولمايدۇ. كەلگۈسىدە جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسىدە جۇڭگوغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسىدە جۇڭگوغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى جۇڭگونىڭ كەلگۈسىدە ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسى قاتارلىق ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلىرىگە قانداق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىغا ئاساسەن بېكىتىلىشى كېرەك. مەن بۇ توغرۇلۇق كېيىن سۆزلەيمەن.

**ئىككىنچى: بوران قانچە شىددەتلىك بولسا، بىزدە شۇنچە تىنچ بىر روھى ھالەت بولۇش كېرەك.**

www.taklimakan.biz

روھىي ھالەتنىڭ قانداق بولۇشى بىر دۆلەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەن ياكى يېتىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۆلچەمدۇر. مەن سىزگە مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرەي: نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراش ۋە خارلىنىش تارىخى بولغان، ئەلۋەتتە. ئەمما، تارىختا نەزەر سالغىنىڭىزدا، ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەر بىزگە ئوخشاش ئۆز-ئۆزىنى خارلىققا تاشلاپ، يىغا-زار قىلىشىپ، ئۇۋال قىلىنغان ھالەتتە ئۆيلىرىگە قايتىشىپ شىكايەتنى پەقەت ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگىلا قىلغان. سىز كۆلگەندە دۇنيا سىز بىلەن تەڭ كۆلىدۇ، ئەمما يىغلىغىنىڭىزدا بولسا پەقەت سىزلا يىغلايسىز ھەمدە يىغلىغاندىن كېيىن ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىسىز. كەلگۈسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئاز بىر قىسىم كىشىلەر بىزگە ئوخشاش ئۆزىنى ناھايىتى ئېسىل دەپ ھېس قىلىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، ئامېرىكىنىڭ ئاخىرقى غايىسى دۇنيانىڭ مەركىزىنى ئىگىلەش؛ دۇنيانىڭ ئىستراتېگىيىلىك قوماندانلىق ئۇستۇنلۇكىنى مونوپول قىلىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا دۇنيانىڭ ھاۋا ۋە دېڭىز خوجىلىقىنى قولغا ئالدى. ئالەم بوشلۇقىنى كونترول قىلىش ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىۋاتىدۇ. بۇ ئامېرىكىنىڭ يەر شارى ئىمپېرىيىسى قۇرۇش پىلانىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر. ئۇ يەر شارىدىكى «مەدەنىيەت ھوقۇقى»نى قوغلىشىۋاتامدۇ-يوق؟ بۇ دەل تۆۋەندە مۇلاھىزە قىلماقچى بولغان مەسىلىسىدۇر.

www.taklimakan.biz

# 2 ـ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئاجىزلىشىشى

بۇ بىر ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بولغان تېما، شۇنداقلا ئومۇمىي بىر خۇلاسە. ئۇ ئامېرىكا ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگو ئۈچۈنمۇ مۇھىمدۇر.

تارىخنى ئادالەت بىلەن يازغىلى بولىدۇ، ئەمما خەلقئارالىق سىياسەت بولسا پەقەتلا ئەمەلىي كۈچ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بىزنىڭ «يەر شارىلىشىش» دېگىنىمىز، ئەمەلىيەتتە «ئامېرىكىلىشىش»تۇر. ئامېرىكا خرىستىئان دىنىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى تەشكىل قىلىدىغان دۆلەت بولۇپ، «ئامېرىكىلىشىش» بولسا ماھىيەتتە خرىستىئانلىشىپ بولغان. ھەتتا ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىمۇ بىر دىن دېيىش خاتا ئەمەس.

ئامېرىكىنىڭ دىنى كەيپىياتى ئانا تېنى بولغان ياۋروپادىن خېلىلا قويۇق بولۇپ، ھەر قېتىملىق كابىنېت يېغىنى ئىلتىجا بىلەن باشلىنىدۇ. پرېزىدېنتتىن خىزمەتكە ئولتۇرغاندا چوقۇم ئىنجىلنى قولىدا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، قەسەم بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

**11** ـ سېنتەبىر كۈنىسى كۆپلىگەن كىشىلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، گاڭگىراپ قالغان پەيتتە ئامېرىكىلىقلار چېركاۋ تەرەپكە سەلدەك ئېقىپ، چېركاۋدا قولىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ ھايات قېلىشنى يالۋۇرۇپ تىلەشتى. بۇش شۇ ۋەقە يۈز بېرىشتىن بىرئاز ئىلگىرى ھەمجىنىسلىقنى قانۇنلاشتۇرۇش تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن خاتالىقلارىنى سادىر قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ: «بىز ھەممىمىز گۇناھكارلارمىز» دېگەن ئىدى. ئۇ، ئافغانىستان ۋە ئىراق ئۇرۇشىنى ئويلىماستىن «بۇ ئۇرۇش ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى (**CRUSADE**)» دەپ ئاتاپ سالغان. مەن ئۇنىڭ تېلېۋىزوردا ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، شۇ پەيتتە ئۇنىڭ چىرايىدا بىر قۇتقۇزغۇچىنىڭ سىيماسى جىلۋىلەنگەن ئىدى. گەرچە ئۇ كېيىنچە گېپىنى ئۆزگەرتىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شۇ سىيماسى كالللامغا چوڭقۇر ئورۇنلىشىپ كەتكەن بولۇپ، مېنىڭ بۇ ئۇرۇش توغرىسىدىكى

www.taklimakan.biz

تەپەككۇرۇمنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان ئىدى.

ئامېرىكىنى چۈشىنىشكە كىرىشكەندە، سىز ئۇ دۆلەتتە ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلىنىۋاتقان بىر خىل دىنىي ئەسەبىيلىكنى ھېس قىلالايسىز. بۇ ئەسەبىيلىكتە رېئاللىزملىق ئىدىيە بار، شۇنداقلا ئۇنىڭغا غايىلىك روھمۇ ئارىلاشقان.

ئەگەر ئىلىم-پەن بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئامېرىكىنىڭ كۈچى، تۈزۈم ئەۋزەللىكى، ماتېرىياللىرىنىڭ موللىقى ۋە تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى... قاتارلىقلارنىڭ بەزىلىرى بۇ ئەسەبىيلىكتىن كېلىپ چىققان.

مەن ئامېرىكىنىڭ ئىراق ئۇرۇشى ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈشىدىكى بىرىنچى نىشانىنى رېئاللىزملىقتىن كېلىپ چىققان دەپ ھۆكۈم قىلىمەن. ئىراق بولسا ئەرەب دۇنياسىدىكى ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئىراقنى بويسۇندۇرۇش پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىنى بويسۇندۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەرەب دۇنياسى شەرققە يۈرۈش قىلىشتا توسالغۇ ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ توسالغۇ بۇزۇپ تاشلانغاندا، شەرقنىڭ غەربنىڭ قەدىمىنى توسۇپ قالالايدىغان كۈچى قالمايدۇ. ئىككىنچى نىشان بولسا غايىۋىلىك.

ئەسلىدە غەرب مىڭ يىللار مابەينىدە ئەرەب دۇنياسى بىلەن كۈرەش قىلىپ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمىگەن ئىدى. ئەھلى سەلىپ قوشۇنلىرىنىڭ قاباھەتلىك چۈشلىرى غەربلىكلەرنىڭ يۈرىكىگە ئەزەلدىن بېسىم بولۇپ كەلگەن. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئەسلىدە ئىراققا قارشى ئۇرۇشنى «چەكسىز ئادالەت» دەپ سۈپەتلىگەن بولۇپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ دىنىي پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ھەتتا بەزى كىشىلەر ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنى «ئەمدى ئۇلار ئەسكەر ئەمەس، بەلكى مىسسىيونېر» دەپ سۈپەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى «دۈشمەننى ئۆلتۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى يامانلىقنى ۋە بىدئەتچىلەرنى يوقىتىش ئىدى» دەپ قارىغان.

بىز ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلارنىڭ، بولۇپمۇ مۇتەپەككۇرلارنىڭ نەزىرىدىكى ئامېرىكىنىڭ بۈگۈنكى ئامېرىكىغا ئايلىنىشىدىكى سەۋەبنى پەقەت ئەقىل سەۋىيىسىدىنلا

www.taklimakan.biz

چۈشىنىشكە بولمايدۇ، بەلكى دىن سەۋىيىسىدىن تۇرۇپ چۈشىنىش كېرەك. ئامېرىكا زېمىنى خۇدا بەرگەن، شۇڭا ئۇ زېمىن مۇقەددەس؛ تەڭرى ئامېرىكىنى ياراتتى، ئامېرىكا ئارقىلىق ئۇ يېڭى دۇنيا يارىتىدۇ.

ئامېرىكا خەلقىنىڭ دىنى ھېسسىياتى ئالاھىدە كۈچلۈك بولۇپ، ئامېرىكا دۇنيانى قۇتقۇزۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان دەرىجىدە كۈچەيگەندە، ئۇ قىلچىلىك ئارقىسىغا يېنىۋالمايدۇ. ئۇنى ئېتىراپ قىلىش ياكى قىلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ «ئۇرۇش» ۋاسىتىلىرىنى ئىشلىتىپ تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئامېرىكىدىكى بەزى رەھبەرلەرگە نىسبەتەن، دۇنيا تەرتىپىنى ئۆزگەرتىش ئىستىكى بىدئەتچىلەرنى بويسۇندۇرۇش ئىستىكىگە قارىغاندا گەۋدىلىك ئەمەس. ئالدىنقى ئەسىردە خەلقئارالىق كوممۇنىستلارنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىستىكى بار ئىدى.

ئامېرىكا ئەرەبىستاننىڭ قاراڭغۇ دەۋرىگە ئارىلىشىشتىكى تۈنجى قەدىمىدە پۈختا ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئامېرىكا «بۈيۈك ئوتتۇرا شەرق» پىلانىنى يولغا قويدى. بۇ ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشتىكى قەبىھ ۋە پەسكەش پىلان ئىدى. دېموكراتىيەنى قورال بىلەن يولغا قويغىلى بولمايدۇ، ئەمما مەدەنىيەتنى ئۇرۇش ئارقىلىق كۆچۈرگىلى بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ غەلىبىسى ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ كۈچىدىن، شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئاجىزلىغانلىقىدىندۇر.

تارىختا ئافغانىستان ھەر قېتىم چەتئەل تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغاندا، ئۇلاردىكى مىللىي روھ پارتلاپ چىقاتتى. بۇ قېتىممۇ گەرچە تالىبانلار يەنىلا تىللاردا داستان بولۇشقا ئەرزىيدىغان دەرىجىدە پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئەسىرلەر مابەينىدە ئۇچرىتىش ئىنتايىن تەس بولغان تارىخلارنى يارىتىپ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىگىچە سەۋر قىلىپ ھېچقانداق رەھىم ـ شەپقەت، يارىدەم كۈتمەستىن كۈرەش قىلغان بولسىمۇ ئافغانىستان يەنىلا تارىختا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان زاۋاللىققا يۈزلەندى. ئەرەبلەردە مۇنداق بىر ئىدىيوم بار: «دۈشمەننى بۇلۇڭغا ئىتتىرىش ئەڭ قەيسەر دۈشمەننى بارلىققا كەلتۈرىدۇ». شۇڭا بىز كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك، ئىراقلىقلار ئاللىبۇرۇن ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچ تىز پۈكمىگەن ئىدى.

www.taklimakan.biz

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

مۇسۇلمانلار قەد كۆتۈرۈرگىنىدە ئىنتايىن بەھەيۋەت ئىدى، ئەمما ئۇلار بۇگۈنكى كۈندە قانچىلىك روھسىز-ھە. ئىسلام مەدەنىيىتى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئىنسانىيەتكە چەكسىز تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇگۈنكى كۈندە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ جايلىشىش ئورۇنلىرىدىن، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى قانچىلىك ئۈستۈن دەرىجىدىكى شان-شەرەپ ساھىبى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئىنتايىن تېز بولغان بولۇپ، پەقەت ئەللىك يىل ۋاقىت ئىچىدىلا ئىنتايىن ئاز بىر ئۇچۇم ئېتىقادچىلاردىن ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنى ئىگىلىگەن چوڭ بىر ئىمپېرىيەگە ئايلانغان. ئۇلار ئىلىم-پەن، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان.

ياۋروپانى خرىستىئان دىنىنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتلىرى قاپلىغان پەيتتە، ئەرەب مەدەنىيىتى پارلاق نۇرىنى كەڭرى يېيىپ، دۇنيانىڭ يېتەكچىلىرىگە ئايلانغان ئىدى. ئەگەر چوڭ جۇغراپىيىلىك بايقاشلار بولمىغان بولسىدى، بۇگۈن كۈندە تۇنجى چەتئەل تىلىمىز چوقۇم ئەرەب تىلى بولغان بولاتتى. ئەگەر مىڭ يىل ئىلگىرى نوبېل مۇكاپاتى تەسىس قىلىنغان بولسىدى، بۇ مۇكاپاتلارنىڭ ھەممىسىگە مۇسۇلمانلار ئېرىشكەن بولاتتى. توغرا، ئەرەبلەر ۋە موڭغۇللار دۇنيانى بويسۇندۇرغانلار ئىدى. ئەمما، ئىككىسىنىڭ بويسۇندۇرۇشى ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭ پەرقلەر بار. موڭغۇللار سەل كەبى كىرىپ، يەنە سەل كەبى چېكىنىپ چىقىپ كەتتى، ھېچنېمە ئېلىپ كەلمىدى ياكى ئېلىپ كېتەلمىدى؛ ئەرەبلەر قەيەرگە بارسا، شۇ يەردىكى خەلقلەر كەينى-كەينىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتى.

تەپەككۇرنىڭ ئۆزگىرىشى تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؛ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى تەقدىرنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

www.taklimakan.biz

تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق بىر ھادىسە ئېنىقكى، مەدەنىيەت قانچە تەرەققىي قىلغانسېرى ئۇنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىمۇ شۇنچە تەلتۆكۈس بولىدۇ. بۇ، مىسىر مەدەنىيىتىگە ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ماس كېلىدۇ. ئەمما، ئۇ بۈگۈنكى ئامېرىكا مەدەنىيىتىگە ماس كېلەمدۇ ـ يوق؟ بۇنىسى نامەلۇم.

ئىسلامنىڭ ئاجىزلىشىشى ئۇنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە ماس ھالدا تېز بولدى. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، گەرچە ئۇ موڭغۇل مەدەنىيىتىدىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاجىزلىشىشىنى ئالدى بىلەن موڭغۇللار كەلتۈرۈپ چىقارغان. موڭغۇل شاملى ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئىسلام دۇنياسىغا ئېغىر ۋەيرانچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. نۇرغۇن دۆلەتلەر موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تۈزلىنىپ، چوڭ باقمىچىلىق مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇلدى.

كۆچمەن مەدەنىيىتى تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگەندە، ئىسلام دۇنياسى ئاللىبۇرۇن ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئىدى. بەختكە يارىشا، ياۋروپا قېچىپ قۇتۇلۇپ قالدى. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ياۋروپانى باشقا بىر مەنپەئەت ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغان ئىدى. ئەكسىچە، ياۋروپالىقلار مەسخىرە ئارىلاشتۇرۇپ كۆچمەن مەدەنىيەتنى «بالايى ـ ئاپەت» دەپ ئاتىغان.

ئىسلامنىڭ چېكىنىش ۋە يىمىرىلىش تارىخى، ئۇ بىر بېشارەتتۇر. ئۇ ھەم غەربكە، ھەم شەرققە بېشارەت بېرىدۇ. خۇمەينى ئىلگىرى: «غەربمۇ، شەرقمۇ ئەمەس، پەقەت ئىسلام» دېدى. ئۇ باشقا بىر نۇقتىدىن يوشۇرۇن بىر تەبىرگە ئايلانغان ئىدى. ئىسلام تەلىماتلىرى كۆڭۈزچىلىق بىلەن بەزى ئوخشاشلىقلارغا ئىگە. باشقىلارنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىش دېمەكلىكتۇر. چۈشەندۈرۈشكە جۈرئەت قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار، ئەمما چۈشەندۈرۈشكە ماھىر كىشىلەر ناھايىتى ئاز. غەربتە «ئىسلام» دېگەن سۆز ئاساسىي جەھەتتىن كەمسىتىشتە قوللىنىلىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى، شەرقتە بولسا كۆڭۈزچىلىق يەنىلا قايتا ـ قايتا ماختىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىۋېرسىتېت پىروفېسسور پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياشلار ئارىسىدا «ئىنجىل ئوقۇش» ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن رىقابەتلىشىۋاتىدۇ. بەزى كىشىلەر غەربنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا تاجاۋۇز قىلىشىنى ۋە ئۇنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىنى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ

www.taklimakan.biz

قالاقلىقى ۋە كەينىدە قالغانلىقىدىن دەپ قارايدۇ. بۇ نۇقتىنى كۆرەلمەيدىغان كىشى ئەخمەق، ئۇنىڭغا پۇتۇنلەي ئىشىنىدىغان كىشى بەتتەر ئەخمەقتۇر. ئامېرىكىدىكى ھىندىئان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى «سەردار جېك» ئىلگىرى مۇنداق بىر قايغۇلۇق سۆزنى ئېيتقان: «بىز سىلەر ئاق تەنلىكلەر تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى بىز ئۆز خەلقىمىز تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندۇق». بۇ سۆزلەر ئىسلام مەدەنىيىتىگە پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ. مېنىڭچە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ چېكىنىشىدە مۇنداق ئۈچ ئاساسلىق ئامىل بار:

## 1. مۇستەبىت ھاكىمىيەت

ھازىر دۇنيادا **60** دانە مۇسۇلمان دۆلىتى بار، ئەمما ئۇلار ئارىسىدا بىرمۇ كۈچلۈك دۆلەت يوق. چۈنكى، ئىسلام دۇنياسى زامانىۋىلىشىشنى قولدىن بېرىپ قويدى. ئىسلام مەدەنىيىتى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئەمما ئىتائەت ھەربىر كىشىدىكى خاس تالانتنى چەكلەپ قويىدۇ. خۇداغا چوقۇنۇش شەخسىي قابىلىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋە تەرەققىياتنى ھەمدە شەخسىي ئەركىنلىك ۋە ئىجادچانلىقنى بوغۇپ قويىدۇ.

غەربتىكى بىر قىسىم مەشھۇر نەزەرىيەلەرگە ئاساسلانغاندا، نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ خەلقى تېخى «زامانىۋى بىئولوگىيىلىك باسقۇچ»قا كىرمىگەن. كىشىلىك ۋە شەخسىي ھايات دىنىي مەقسەتكە خىزمەت قىلدۇرۇلىدۇ. ھايات پەقەت فىزىئولوگىيىلىك ئالامەت بولۇپ، ئۆز تەبىئىتىگە تايىنىپ نەپەس ئالىدۇ ۋە تىركىشىدۇ. ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىدا **22** ئەزا دۆلەت بار، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھازىر دېموكراتىك سايلامنى يولغا قويمايدۇ. ناۋادا سايلام يولغا قويۇلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ پەقەت كۆرۈنۈشكىلا سالام تۇسىنى ئالغان، خالاس.

ئىراق ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى مىللەتنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويغان سادام ھۇسەيىن دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئەرەب خەلقىدىن **100%** قوللاشقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى جاكارلىغان قىلدى. بۇ غەرب مىللىتىنى ناھايىتى ئېغىر مەسخىرە قىلغانلىق بولاتتى. مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشنى بالدۇر باشلاش ئارزۇسىنى قوزغاتتى. قانداقمۇ پۈتۈن

www.taklimakan.biz

بىلەتكە ئېرىشەلىسۇن؟ مەن ھەرگىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن، ئۇ پەقەت ۋاقىتلىق بىر ئىش. پروتېستانت دىنىدىكى بارلىق دۆلەتلەر ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىرقەدەر تەرەققىي قىلغانغا ئوخشاش، بارلىق مۇستەبىت دۆلەتلەرمۇ ئارقىدا قالىدۇ. دىن پەن ـ تېخنىكا بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئىقتىساد بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

گىبرالتار دېڭىز بوغۇزىدىن پارس قولتۇقىغىچە بولغان كەڭ ئەرەب دۆلەتلىرى ئاساسەن زامانىۋىلىكنىڭ ئالدىدىكى جەمئىيەتكە تەۋە. ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ساۋاتسىزلىق نىسبىتى **39%** كە يېتىدۇ، ھەتتا ئافرىقىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇلار ساۋاتسىزلىقتا دۇنيا بويىچە ئارقىدىن سانىغاندا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

مۇستەبىتلىكنىڭ سېھىرلىك كۈچى سەۋەبىدىن، ئەرەب دۆلەتلىرى بىر مىللەت، يەككە مەدەنىيەت ۋە يەككە ئېتىقادى ئۆچمەنلىك، چەتكە قېقىش ۋە زامانىۋى مەدەنىيەتنى رەت قىلىشتەك بىر ئېقىمنى شەكىللەندۇرگەن.

ئۆزىنىڭ پىكرى بىلەن بىردەك پىكردە بولمىغانلارغا ياخشى
مۇئامىلە قىلماسلىق، قاتماللىق بىلەن پىكىر قىلىش... بۇ خىل جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي خاراكتېرىدۇر. ھەقىقىي خىياللار ھەممىشە تېخىمۇ ئىجابىي پىكىرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ؛ يەككە پىكىر چوقۇم ھاياتلىقنى نامراتلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا پارلاق ھايات بولمىسا، تەپەككۇر قەيەردە يىلتىز تارتىدۇ؟ مۇستەبىتلىكنىڭ قوغلاپ ئۆلتۈرۈشى ئاستىدا تەپەككۇرغا يوشۇرۇنغۇدەك يەر قالمايدۇ. بىز بىلەن ئەرەبلەر ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار پەقەت شانلىق تارىخىنىلا ئەسلىشىدۇ، ئەمما شۇ شانلىق تارىخنىڭ قانداق قولغا كەلگەنلىكىنى، شەكىللىنىش جەريانلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشكەن.

**ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش،**

**ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش.**

كەڭ قورساقلىق ۋە كۆپ خىللىق بولمىسا، ئىدىيەمۇ چوقۇم يوقىلىدۇ. ئىدىيە جەھەتتىن گۈللەنگەن جۇڭگونى ئىلگىرىكى جۇڭگوغا سېلىشتۇرغاندا، بۈگۈنكى ئىدىيە ھەشەمەتكە ئايلىنىدۇ. چىندىن ئىلگىرىكى دەۋردە ھازىرقى

www.taklimakan.biz

جۇڭگو پەقەت خىيال ۋە پەلسەپە ئىدى. چىندىن ئىلگىرىكى دەۋردىن كېيىن جۇڭگودا ھېچقانداق پىكىر يوق، پەقەت قۇرۇق چۈشەنچىلا بار ئىدى. پەلسەپە يەنىلا ھەم بار، ئەمما ئارىلىشىپ كەتكەن.

ئىراقنىڭ ھەربىي جەھەتتىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىشى، ئەمەلىيەتتە مۇستەبىتلىكنىڭ مەغلۇبىيىتى ئىدى. مۇستەبىت جەمئىيەت گوياكى بۇگۈنكى كۈندىكى بىر قىسىم تەشۋىقات سۈپىلىرىغا ئوخشايدۇ، يەنى كۆپچىلىك كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى يوشۇرىدۇ، ئەمما يېپىق ھالەتتە ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. بويسۇنۇش قولىلاش بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ، يەنى خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كىشىلەرنىڭ قوللىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ئىستراتېگىيىلىك بايلىق بولۇپ، ئۇ، ئۇرۇشتا ئىككى تەرەپ بىر-بىرىدىن تالىشىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئۇستۇنلۈككە ئايلىنىدۇ. مۇستەبىت دۆلەتتە ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىسە، ئۇ دۆلەت پۈتۈنلەي مونوپول قىلىنىدۇ؛ ئەگەر بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا ئۇنداق دۆلەت بىراقلا ۋەيران بولۇپ تۈگەيدۇ. ئىراق سىرتتىكى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشتا ئامالسىز قالغان بولۇپ، ئىچكى ئاملىنى ھەم باستۇرۇپ كېتەلمىگەن ئىدى ھەمدە تېز سۈرئەتتە چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدا چىڭ سۆلالىسىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدىكى كېسەللىكلەر كۆرۈلگەن.

مۇستەبىتلىكنىڭ يەنە بىر قوشۇمچە مەھسۇلاتى ساتقۇنلارنىڭ توختاۋسىز پەيدا بولۇشىدۇر. بۇ بىزگە باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا بەكرەك تونۇش. سادام ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ساتقۇنلار خىيانەت قىلدى. مۇستەبىتلىك مۇتلەق ھالدا ساتقۇنلارنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئەگەر ھوقۇق ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلسا، ساتقۇنلار ئادالەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ ئەگەر زوراۋانلىق قانۇن نامىدا ئوتتۇرىغا چىقسا، پەسكەشلىك ئەخلاق نامىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەق-ناھەق ئۆلچىمى بولمىغان بارلىق مەدەنىيەتلەر ھەممىشە مەينەت سۇدىنمۇ بەتتەر بولىدۇ.

## 2. ئىتتىپاقسىزلىق



ئىسلام ئىمپېرىيىسى تارىختا ئىككى چوڭ يىمىرىلىشنى باشتىن

www.taklimakan.biz

كەچۈرگەن. بىرى، قەدىمكى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى؛ يەنە بىرى، يېقىنقى زامان ئوسمانى ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى. كېيىنكى يىمىرىلىش بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىغا ئالاھىدە چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بىن لادىن ئىلگىرى 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن كەسكىنلىك بىلەن مۇنداق دېگەن: «ئىسلام ئۇممىتى غەربنىڭ 80 يىلدىن بۇيان بېشىغا سالغان زۇلۇم ـ سىتەم ۋە خورلۇقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ».

نېمىشقا پەقەتلا 80 يىل؟ چۈنكى، 80 يىل ئىلگىرى ئوسمانى ئىمپېرىيىسى يىقىلغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا جەمئىي بىر مىليارد مۇسۇلمان بار، ئۇلارنىڭ سانى جۇڭگونىڭ نوپۇسىغا يېقىن كېلىدۇ، ئەمما ئۇلار شەرىپىنى يوقىتىپ پارچىلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۈگۈنى جۇڭگو ئەتىسىدە مۇتلەق ساقلىنىدىغان مۇھىم ساۋاقتۇر.

ئاجىزلارنى كۆزەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغان سۆزى تەبىئىيلا ئىتتىپاقلىقنى ساقلاش ھەققىدە بولىدۇ. قانچە يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىغانسېرى شۇنچە ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دۈشمىنىنىمۇ، ئۆزىنى ۋە خەلقىنىمۇ يامان كۆرۈش پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. «مەندە يوق ئىكەن، سەندىمۇ يوق بولسۇن. ھەتتا ئورتاق بار نەرسىمۇ مەندە سەندىن كۆپ بولۇشى كېرەك...». مانا بۇ جۇڭگودىكى بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. قارىماققا ھەممە ئادەم بەختنى قوغلىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ ـ يۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە، كۆپچىلىكنىڭ قوغلىشىدىغىنى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ بەك بەختلىك بولۇشتۇر.

يېرىم ئەسىر ئاۋۋالقى ئەرەب دۇنياسى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش كىشىنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدۇ. ئوتتۇرا شەرقتىكى توقۇنۇش جەريانى ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەغلۇبىيەتتىن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ مەغلۇبىيەتكە ئۆتۈش جەريانى بولۇپ، ئىككى دىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇقەددەس ئورۇن مەسىلىسىدە بىرلىككە كېلىش ئەسلا مەۋجۇت بولغان ئەمەس. ھەممىسى جانىنى تىكىپ قويۇپ بىر ـ بىرىگە قارشى كۈرەش قىلغان. ئەرەب دۆلەتلىرى كىچىك ئىسرائىلىيەگە قارا بۇلۇتنى يامان كۆرگەندەك شىددەت بىلەن ھۇجۇم قوزغىغان، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلار بىرەر قېتىملىق ئۇرۇشتىمۇ غەلىبە قىلالمىغان. ئىسرائىلىيە ۋە ئەرەب ئۇرۇش


www.taklimakan.biz

تارىخى ئامېرىكىلىقلارنى ئەلۋەتتە ئىلھاملاندۇردى، شۇڭا زۆرۈر تېپىلغاندا زەربە بېرىشكە ئىككىلىنىپ قالمايدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈنگە ئېرىشكىلى بولىدۇكى، ئىسلام دۇنياسى كەلگۈسى يېرىم ئەسىر ئىچىدە كۈچلۈك بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ يەنىلا كېڭىيىۋاتىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر بىر سۆزنى ئېيتقان: «خىرىستىئان دىنىنىڭ يەتمىش ئىككى پىرقىسى بار، ئىسلام دىنىنىڭ يەتمىش ئۈچ پىرقىسى بار». ھەتتا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىمۇ نۇرغۇن مەزھەپلەر مەۋجۇت. بىر مۇخبىر ئىلگىرى غەربىي شىمالدىكى بىر ناھىيەگە بېرىپ بىر مۇسۇلمان كىشىدىن مەسجىدنى كۆرسىتىپ قويۇشنى سورىغان، ئەمما ئۇ مۇسۇلماننىڭ جاۋابى مۇخبىرنى قاتتىق چۆچۈتكەن. ئۇ مۇسۇلمان كىشى: «سىز قايسى مەزھەپكە تەۋە مەسجىدنى ئىزدەيسىز؟» دەپ قايتۇرۇپ سورىغان، مۇخبىر: «زېمىندىكى بارلىق مەسجىدلەر ئاللاھقا مەنسۇپ» دېگەن. بۇ جاۋاب ئۆز نۆۋىتىدە ھەم مۇسۇلمانلارنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇ ناھىيەدىكى ئىككى مەسجىد ئوخشىمىغان دىنىي مەزھەپلەرگە تەۋە بولۇپ، ئىشىك ئالدىغا «پالانچى دىنىي مەزھەبلەرنىڭ كىرىشى چەكلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇ ئىككى مەسجىد يەنە يۇقىرى ئاۋازلىق ياڭراتقۇ ئورنىتىپ ئۆزئارا بەس تالاشقان. بىر ئىمام ئۇ مۇخبىرغا ماختىنىپ مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ مەسجىدتە ئىماملىق قىلىۋاتقىلى يەتتە يىل بولدى. دەۋەت ۋە دۇئالارنى ياڭراتقۇدا ئۇنلۇك ئاۋازدا قىلىمەن، ئۇ جەريانلاردا ئۇلارغا تىلىم بىلەن ئىنچىل قارشى تۇرۇپ كەلدىم».

خىتايلارنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاللىبۇرۇن ئاخىرلاشتى. مۇسۇلمانىنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى بولسا ئوت بىلەن چايغا ئوخشايدۇ، بۇ خىل ئىسلام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى قۇرغان چاغدىكى ئەسلى مۇددىئاسىدىن بەكلا يىراق. ئۇ مۇخبىر ھەسرەتلىنىپ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كاۋاپ ۋە قورۇق ئۇزۇم ئېلىپ كەلدى، ئەمما ئۇلار ئىسلامنى ئۆز ئۆيىگە تاشلاپ قويۇپتۇ».

بۇگۈنكى دۇنيادا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن ئاجىز. ئەگەر ئاۋازى بار دېيىلسە، بۇ نېفىت سەۋەبىدىن. ئەرەب دۆلەتلىرى نېفىتنى

www.taklimakan.biz

قورال سۇپتىدە ئىشلىتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئەمەلىيەتتە نېفتنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. نېفت تۈگەۋاتسا، مىللەت قانداق ياشايدۇ؟ ئەرەبلەر يىراقنى كۆرەلمەيدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىمپېراتور شۇەنزوڭ مۇنداق دېگەن: «تۈگگانلاردىن ئاسان پايدىلانغىلى بولىدۇ». بۈگۈنكى تۈگگانلار تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە، ئەمما غەرب دۆلەتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ بۆلۈپ باشقۇرۇش سىياسىتى ئاستىدا قالدى. بۇ ئەۋزەللىك بىزگە نىسبەتەن پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندا قوللىغان ئىسلام كۈچلىرى كونا رەقىبى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچىنى خوراتتى ھەمدە ئامېرىكا يەنە ئىسرائىلىيەنى ئىشلىتىپ پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىنى مىدىرلىماس قىلىپ قويدى ۋە ئىراقنى ئىرانغا ھۇجۇم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ قويدى. ئامېرىكا ئىراقنىڭ كۈۋەيتنى يۇتۇۋېلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا قول قوشتۇرۇپ تۇردى. ئىستاكان ۋە تەخسىلەر چېقىلسىمۇ يەنىلا دۆلەتنى قايتا قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. ئامېرىكا ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلدى، ئۆز نۆۋىتىدە ئامېرىكىغا تۈنجى بولۇپ ياردەم قىلغانلارمۇ ئىسلام دۆلەتلىرى بولدى. قان-قېرىنداش مىللەتلەر بىر-بىرىنى يامان كۆرۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئارقا-ئارقىدىن خام نېفت قاچىلانغان غايەت چوڭ پاراخوتلار ھېچ خەۋپسىز پارس قولتۇقىدىن شىمالىي ئامېرىكىغا قاراپ يولغا چىقتى.

## 3. چەتكە قېقىش ۋە قاتماللىق

ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسە مەڭگۈ گۈزەل بىلىنىدۇ، قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان نەرسىمۇ ئەبەدىي شانلىق ۋە پارلاق كۆرۈنىدۇ. ئەرەب دۇنياسىنىڭ نەچچە يۈز يىل مابەينىدە كۆرگىنى، ئۆتمۈشتە باشقىلارنى مەغلۇپ قىلىش ۋە بويسۇندۇرۇش مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئورنىغا ياتلار تەرىپىدىن مەغلۇبىيەت ۋە بويسۇندۇرۇلۇشقا مەھكۇم بولۇشتۇر. ئەھۋال قانچە ئېچىنىشلىق بولسا، ئۆتمۈشكە بولغان سېغىنىش شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئاشقۇنلۇقىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ كۆپىنچىسى دەل مۇشۇ. غەربنىڭ ھۇجۇمىدا ئىسلام دۇنياسى زېمىنىدىنلا ئەمەس، ھەتتا ئەڭ مۇھىم نەرسىسى بولغان ئىشەنچ ۋە جاسارىتىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇلار ئەلۋەتتە

قول ۋە ئاجىزلارغا ئايلاندى. ئاجىزلاردا ئۆچمەنلىك ئەۋجىگە چىقىپ، قەلبى سىپسىپ كەتتى. كۈچلۈكلەر كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلار ھە دېسىلا ئۆچ ئالىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆچمەنلىكنى توپلىمايدۇ. كۈچلۈكلەرنىڭ روھىي ھالىتى ھەمىشە ساغلام بولىدۇ.

تېرورلۇق ئاجىزلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى بولۇپ، ئىسلام دۇنياسى ئاجىز بولغاچقا تېرورلۇقنى تاللايدۇ. ئىسلام تېرورلۇقى بىر دۆلەت ياكى رايونغا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنياغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشقا، رۇسىيەدە، جۇڭگونىڭ شىنجاڭدا، ھىندونېزىيەدە، بالقان رايونلىرىدا ۋە پاكىستاندا بىر تۈركۈم تېرورچىلار دىننى دەستەك قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. جۇڭگولۇقلار ئىلگىرى دۇنيادىكى ئەڭ رەھىمسىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنى كەشىپ قىلغان ئىدى، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە بۇ «شەرەپ» ئىسلام ئاشقۇن مەزھەپلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىغا تەۋە بولۇپ قالدى. دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا يەنىلا كاللىنى كېسىش جازاسى بار، ئۇنداقتا تېرورچىلارنىڭ ئەسىرلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىشى نېمە زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ؟

ئىسلام دۇنياسىدىكى رادىكاللىشىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ئەقىدە جەھەتتە چەكتىن ئېشىشتۇر. گەرچە دىننىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا **1000** يىل كەتسىمۇ، مەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشۈم كېرەككى، ئىسلام مەدەنىيىتىدە ئەزەلدىن ئەقىل ئىدراك ئىشلىتىلىپ باقمىغان. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدىكى ئاشقۇن ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلىرىنى بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن خالاس قىلىدىغان، جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان بىردىنبىر توغرا يول ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. بۇ ئاساسى جەھەتتىن بىر خىيالى تۇيغۇ، ساختا سېزىم بولۇپ قالغان. ئەگەر بۇ خام ـ خىيال پەقەت شەخسىي تەجرىبە سەۋىيىسىدە تۇرالىسا، ئۇ بەلكىم زىيانسىز بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئەگەر ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ باشقىلارنى ئۆز سېپىگە قېتىلىشنى تەلەپ قىلىپ، باشقىلارنى ئۆزى بىلەن بىردەك بولۇشقا زورلىسا، دۇنيادا بالايى ـ قازاغا دۇچار بولىدۇ.

ھېچقانداق دىنني مەدەنىيەت باشقا بىر دىنني مەدەنىيەتلەرنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، ئىسلاممۇ شۇنداق. خرىستىئان دىنىمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە. مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقى دىنلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئۆز ئىچىگە

www.taklimakan.biz

ئالدۇ.

ئاشقۇنلۇق ھەمىشە مىللەتچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مىللەتچىلىك ئەكسىچە ئاشقۇنلۇقنى زورايتىدۇ. دۆلەت ھوقۇقنى قانچە مەركەزلەشتۈرسە، ئۇنىڭ مىللەتچىلىكنى بارلىققا كەلتۈرۈشى شۇنچە ئاسان بولىدۇ؛ دۆلەت قانچە چىرىكلەشسە، مىللەتچىلىك شۇنچە ئاسان پەيدا بولىدۇ. جۇڭگونىڭمۇ ئاشقۇنلۇق جەھەتتە كەمچىلىكى يوق ئەمەس. ئىسلام ئاشقۇنلۇقى چېكىدىن ئاشقان ئېتىقادنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جۇڭگودىكى ئاشقۇنلۇق ھەم ئېتىقاد بوشلۇقىدىن كېلىپ چىققان.

دۇنيا پەلسەپىسىنىڭ چېگراسى ھايات پەلسەپىسى باسقۇچىغا قەدەر تەرەققىي قىلدى، بىزنىڭ پەلسەپىمىز بولسا ھايات پەلسەپىسى باسقۇچىدا قالدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەدەنىيەت نامىدا بارلىققا كەلگەن تارىختىي داۋالغۇش بولۇپ، ئۇ ئاشقۇنلۇقنىڭ چوققىسىدۇر. يامانلىق يامانلىقنى، ياخشىلىق ياخشىلىقنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۈگۈنكى «ئىسيانكار ياش»لار ئىلگىرىكى ئەجدادلارغا قارىغاندا خېلىلا ئارقىدا تۇرغان تەقدىردىمۇ، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. قارىماققا جۇڭگودىكى جامائەت پىكىر يۈزلىنىشى بارغانسېرى كۆچىيىۋاتقاندەك تۇرسىمۇ، ئەمما ھاياجانلىنىش ۋە چېكىدىن ئېشىشلار ھېلىھەم مەۋجۇت. كىشىلەردە كەڭ قورساقلىق ۋە ئاقىلانىلىك يېتەرلىك ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنى تەپەككۇر ئۈستىدە دەپ ئويلىشىدۇ، ئەمما ئۇلار بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى قايتىدىن رەتلەۋاتىدۇ، خالاس. ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان كۆپ ساندىكى جۇڭگولۇقلار ھېسسىياتنىڭ قۇلى بولۇپ كەلمەكتە...

مەن بۇ يەردە يەنە بىر نۇقتىنى قىستۇرۇپ قويماقچىمەن. ئىسلامنىڭ جەننىتى جۇڭگودا. مەن جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. ئۆز ۋاقتىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرى تەدرىجىي خىرەلەشكەندە، جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى تۇڭگانلار ۋە ئىسلام دىنىنىڭ نۇرى كۆرۈنەرلىك جىلۋىلەنگەن ئىدى. ئىسلام جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىغا شىنجاڭغا قارىغاندا خېلىلا بۇرۇن كىرگەن، شۇڭا ئۇلار خىلىلا تەلەيلىك ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنى جۇڭگودا يەرلىشىشنى تاماملىدى. ئۇنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك بەلگىسى مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پەيدا بولغان


www.taklimakan.biz

كەم ئۇچرايدىغان تۇڭگان مىللىتىدۇر. بۇ مىللەت ئىسلام بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ماسلىششىدىن پەيدا بولغان.

تۇڭگانلارنىڭ دىنى بار، ئەمما تىلى يوق، ئۇلار خىتاي تىلىنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىمۇ خىتاي مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كەتكەندىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن. مەسىلەن: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، لېكىن ئۇنداق قىلىش ئەرەب دۇنياسىدا جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.

تۇڭگانلارنىڭ ئورتاق ياشايدىغان رايونى يوق، نىڭشيامۇ تۇڭگانلار بىلەن خىتايلار بىللە ئارىلىشىپ ياشايدىغان جاي. تۇڭگانلار خىتايلارغا ئوخشاش مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ ياشايدۇ. جۇڭگودىكى نۇرغۇن ناھىيە ۋە شەھەرلەردە تۇڭگان مۇسۇلمانلىرى ياشايدۇ، ئەمما كۆپىنچە ناھىيە ۋە شەھەرلەردە مەسجىد يوق. مۇھەممەد بىر قېتىم ئەگەشكۈچىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «بىلىم جۇڭگودەك يىراق ئورۇندا بولسىمۇ، ئۇنى ئىزدەپ ئىگىلىشىڭلار كېرەك». ئۇ ھەقىقىي پەيغەمبەر بولۇشقا لايىق ئىنسان ئىدى. خىتاي مىللىتى تاشقى مىللەتلەرگە قارىتا كەڭ قورساق كېلىدۇ. ئۇلار پەقەت مىللىتىگە بولغان ئۆلچەمنى يۇقىرى قويىدۇ. خىتاي مەدەنىيىتى ھەرقانداق تاشقى مەدەنىيەتنى چەتكە قاقمايدۇ، ئۇ پەقەت ئۇلارنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدۇ. تۇڭگانلار جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ داۋاملىششىغا زور تۆھپە قوشقان بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ كاتتىسى جۇيۈەنجاڭ يۈئەنشى ھەم مۇسۇلمانلار رايونىدا باش كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ئايالىمۇ مۇسۇلمان ئىدى.

خىتايلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۈنسېرى ئازلاۋاتىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلار خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن مۇسۇلمانلىقتىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. ھىندىستاندا يېزىلغان «جۇڭگو نېمە ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن ھىندىستاندىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ؟» ناملىق كىتابتا، مۇنداق دېيىلگەن: «... مۇھىم سەۋەب شۇكى، جۇڭگو دۆلىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى يوق قىلدى، بىراق ھىندىستان بۇنداق قىلىشنى خالىمايۋاتىدۇ. **1936** ـ يىلى جۇڭگودا **48** مىليون مۇسۇلمان بار ئىدى، ئەمما ھازىر پەقەت **10** مىليوندىن ئاشمايدۇ. **1947** ـ يىلى ھىندىستاندا

www.taklimakan.biz

36 مىليون مۇسۇلمان بار ئىدى، هازىر ئومۇمىي سانى 150 مىليونغا يېتىدۇ... ئىسلام يوقىتىلسىلا ھىندىستان تەرەققىي قىلالايتتى». بۇ ئاپتور ھەم ئىنتايىن نادان، ھەم نومۇسسىز.

Δ: ھەقىقەتنىڭ كۈچى نەدە؟ ھەقىقەت بىلىمدۇر، بىلىم كۈچتۇر.

جۇڭگو خەلقىنىڭ پىسخىكىسىدا بايلارغا ئۆچمەنلىك ئورناپ كەتكەن بولۇپ، جۇڭگودىكى بەزى كۈچلۈك كىشىلەردە ئەقىلگە نىسبەتەن بىر خىل نەپرەت تۇيغۇسى بار. دۇنيا بانكىسىنىڭ يىللىق دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «نامراتلىق تۆۋەن كىرىم ۋە تۆۋەن ئىستېمالدىن دېرەك بېرىپلا قالماستىن، يەنە مەدەنىيەت سەۋىيىسى، پۇرسىتىنىڭ كەمچىل بولۇشى، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ۋە ساغلاملىقنىڭ ناچارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ». بۇلارنىڭ بولماسلىقى، ئاكتىپ پىكرنى قىلالماسلىقنى ۋە قورقۇنچاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جۇڭگودا ھەقىقەت كەمچىل ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان تۇپراق كەمچىل.

غەربتىكى بۇيۈك بۇرژۇئا ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئىدىيە داۋالغۇشى ئىنقىلاب بورىنىنى پەيدا قىلدى. جۇڭگودا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئىنقىلاب بورىنى تەپەككۇر ئوتىنى ۋەيران قىلدى. بىزدە ھازىرقى زاماندىكى قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئىپادىلەش ئېڭى كەمچىل بولغاچقا، پىكرى مەغلۇبىيەتچىلىككە يۈزلەندۇق. ھەقىقەت ئورۇنلىشىدىغان مەيدان يوق. بۈگۈن بىز ئۆز كۆزقاراشلىرىمىزنىڭ ئىپادىلىيەلەيمىز، ئەمما دۇنيانى كونترول قىلىش ئۈچۈن پىكىر قىلىشلا يېتەرلىك ئەمەس، بەلكى بىزدە شۇنداق ئىدىيە ھەم بولۇشى كېرەك. پىكىر كۈچ ئەمەس، بەلكى ئىدىيە ھەقىقىي كۈچتۇر.

ئىدېئولوگىيە بولمىسا، بىز قانداق قىلىپ «ئەقىلنى ئازاد قىلىش» توغرىسىدا سۆزلىيەلەيمىز؟ ئىدېئولوگىيە بولمىسا، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»غا ئوخشاش مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتىدۇ. مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ئەڭ ھالقىلىق يادروسى بولسا «مۇنازىرە قىلىشقا بولمايدۇ». مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق مەسىلەرنى ئاممىۋى سورۇنلاردا ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇچۇق مۇنازىرە قىلىشقا يول قويۇلغان مەسىلىلەر پەقەت كىچىك

www.taklimakan.biz

مەسىلىلەردۇر» . ئەمەلىيەتتە ، كىچىك مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلمايلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ ، پەقەت ئاساسلىق مەسىلىلەرنى ئوچۇق ـ ئاشكارا مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . ئەينى ۋاقىتتا دېڭ شياۋپىڭ قوزغىغان «ھەقىقەت ئۆلچىمىدىكى چوڭ مۇلاھىزە» جۇڭگو خەلقىنىڭ قەلبىنى كۈچلۈك لەرزىگە سالغان . بۇ مۇلاھىزە يەنە كىشىلەرنىڭ كالللىسىغا مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئۇرۇقىنى تىككەن ئىدى .

مىللىي كۈچنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى كىشىلەردە تەپەككۇر قىلىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىدۇر .

www.taklimakan.biz

# 3 ـ شاڭداڭ ۋە (شەرقىي تۈركىستان)نى تالىشىش كۈرىشى

شاڭداڭ (上党) ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چاڭجى شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. شاڭداڭ ئارقىلىق شەرقتە تەيخاڭ تېغىنى، غەربتە خېدوڭنى، جەنۇبتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە جاۋ، خەن، ۋېي ۋە باشقا بەگلىكلەرنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانى ھەمىشە شاڭداڭ ئەتراپىنى ئىگىلەش ئاساسىدا بولغان.

چىن بەگلىكى شەنخەيگۈەننىڭ شەرقىدىكى ئالتە دۆلەتنى يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئالتە دۆلەت بىلەن شاڭداڭنى تالىشىپ تالاي قېتىم ئۇرۇش ئەمەلىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. چاڭپىڭ ئۇرۇشى بۇنىڭغا ئەڭ تىپىك مىسال بولالايدۇ. ئالتە دۆلەت شاڭداڭنى تالىشىش ئۈچۈن چىنغا ھۇجۇم قىلغان، ئەمما چىن شاڭداڭنى ئىشغال قىلىپ ئالتە دۆلەتنى ۋەيران قىلغان ئىدى. كېيىنچە چىن بەگلىكى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەن. شاڭداڭنى چىن زومگەرلىكىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئاساسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

چىندىن كېيىنكى 2000 يىل جەريانىدا، جۇڭگودا 700 قېتىمدىن ئارتۇق جەڭ بولۇپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خېنەننى، يەنى ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ھاكىملىقىنى تالىشىش كۈرىشى ئىدى. شۇ ۋاقىتتىمۇ شاڭداڭ يەنىلا ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن سۈپىتىدە ئىدى. قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان «شاڭداڭ پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ئومۇرتقىسى» دەيدىغان تەمسىل كەڭ تارقالغان. ماۋزېدۇڭ شاڭداڭنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى داسقا ئوخشىتىپ، بۇ داسنىڭ ئىچىدە «بېلىق ۋە گۆش بار» دېگەن. شۇڭلاشقا، ئازادلىق ئۇرۇشىدىكى تۇنجى ئوق «شاڭداڭ ئۇرۇشى» ئۈچۈن ئېتىلغان بولۇپ، تۇنجى ئۇرۇش ئوتى شۇ يەردە چاقنىغان ئىدى. كونىلار «كىمكى شاڭداڭغا ئېرىشسە، ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئىگە بولالايدۇ» دېگەن.



www.taklimakan.biz

مەن بۇ يەردە غەربىي ديار (شەرقىي تۈركىستان)نى شاڭداڭغا ئوخشىتىمەن.

جۇڭگونىڭ غەربىي تەرىپىدە ئىنتايىن چوڭ بىر بوشلۇق بار. غەرب تەرەپكە رايونغا يۈرۈش قىلىش بىزنىڭلا ئىستراتېگىيىلىك يۆنىلىشىمىز بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، ھەتتا ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تەقدىرىدۇر. ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورۇن (دۇنيانىڭ مەركىزى) بىزگە كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاتا قىلىدۇ. بىز غەرب تەرەپنى چېگرا ئەمەس، بەلكى «ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزنىڭ مەركىزىي رايونى» دەپ قارىشىمىز كېرەك. مەركىزى رايون ئاشقازاندۇر. ئەجەبا بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم يەنە نېمە بار؟

ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق مۇھىم يەرنى قولغا كىرگۈزۈپ بىزگە مىراس قالدۇرغانلىقىغا كۆپلەپ تەشەككۈرلەرنى ئېيتىشىمىز كېرەك. مەن جۇڭگونىڭ خەرىتىسىگە تەپسىلىي قارىغىنىمدا، كۆزۈمنى غەربىي ديارغا ئۇزاققىچە تىكىمەن.

بەزىلەر «جۇڭگونىڭ خەرىتىسى خورازغا ئوخشايدۇ» دەيدۇ، ئەمما مېنىڭچە ئۇ بۈركۈتكە ئوخشايدۇ. ئۇ قانىتىنى ئاچقاندا، شەرقتە تىنچ ئوكياننى، غەربتە ئوتتۇرا شەرقنى قورشىشى؛ ئۇچقاندا بولسا پۈتۈن جاھاننى ئېغىزىغا يۇتۇشى كېرەك. ئەگەر شەرق ئۇنىڭ بېشى بولسا، غەربى ئۇنىڭ تارتىش كۈچى مەركىزىدۇر. ئۇ، تارتىش كۈچى مەركىزى بولمىسا ئۇچالمايدۇ. بۇ تارتىش كۈچى مەركىزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. كەڭ دائىرىدە، تەڭرىتاغ، ئالتاي ۋە ئالتۇنتاغ قەد كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ ھەمدە تارىم ئويمانلىقى بىلەن جاڭغار ئويمانلىقى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇلار مەشھۇر ئۈچ تاغ ئارىسىغا جايلاشقان ئىككى ئويمانلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايونلار ئوكياندىن يىراق بولۇپ، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە قېقىلغان تۆمۈر نەيزىگە ئوخشايدۇ. مۇھىتى گۈزەل، ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان بۇ رايون ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمى ئىدى. شۇنداقلا يەنە، ئامېرىكا ۋە ئىمپېراتور پېتېر كونترول قىلىشنى ئارزۇ قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا كارىدورى»نىڭ مۇھىم قىسمىمۇ ھەم بۇ يەردە.

www.taklimakan.biz

بۇ يەرنىڭ مەدەنىيەت سېھرىي كۈچى ئىنتايىن يۇقىرى. دۇنيادا تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، دائىرىسى ئەڭ كەڭرى ۋە تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان تۆت خىل مەدەنىيەت بار بولۇپ، ئۇلار: ئىسلام مەدەنىيىتى، جۇڭگو مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى ۋە گرېتسىيە مەدەنىيىتىدۇر. بۇنىڭدىن كېيىن بەشىنچى بولمايدۇ.

جى شىيەنلىننىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بۇ تۆت خىل مەدەنىيەتنىڭ پەقەت بىرلا كېسىشىش ئېغىزى بار، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى (شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭ)دۇر. مېنىڭچە، مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ يەرنىڭ يەنە بىر ئەھمىيىتى بار. چىن شىخۇاڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن ئىككى مىڭ يىل مابەينىدە، جۇڭگودا ئۈچ قېتىم ئالتۇن دەۋر ئالماشتى. 1 ـ خەن سۇلالىسى ليۇ چې دەۋرىدە (ئىمپېراتور ۋۇ چېگرا كېڭەيتىشنى ئويلاپ باقمىغان) جۇڭگونىڭ زېمىنى بىر ھەسسە قاتلانغان؛ 2 ـ تاڭ سۇلالىسىدىكى جېڭگۇەننىڭ ھۆكۈمرانلىقى؛ 3 ـ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى ۋە چيەنلۇڭ دەۋرىدە زېمىن يەنە بىر قاتلانغان. بۇ ئۈچ سۇلالىنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى بار. يەنى، ئۇلار غەربىي رايونلارنى ھېچقانداق بىر مۇنازىرىسىز كونتروللۇقىغا ئېلىشنى خالايدۇ، خۇددى زو زوڭتاڭ ئېيتقاندەك: «جۇڭگو كۈچەيگەندە ۋە گۈللەنگەندە، ھەمىشە غەربىي شىمال رايونلار ئېچىۋېتىلىشى كېرەك». 20 ـ ئەسىردە جۇڭگو ئىنقىلابى جەنۇبتا يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ، غەربىي رايون بۇ چاغدا گۈللىنىش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ، ھەل قىلغۇچ جەڭلەرنى شەرقىي شىمالدا ئېلىپ بارغان ئىدى. قارىغاندا، غەربىي دىيار (شەرقىي تۈركىستان) جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشىنىڭ بىردىنبىر يولى بولىدىكەن، غەربىي دىيار تىنچىسا، شەرق تەرەپ رىقابەت ئورنىغا ئۆتەلەيدۇ.

مېنىڭچە، ئامېرىكا جۇڭگونى قورشاپ، يولىنى توسۇۋاتىدۇ. ئەمما، جۇڭگو ھازىر پۇختا قورشاۋدا قالدى. مەن ئىلگىرىكى ئەسىرىمدە بۇنى تىلغا بۇنى ئالغان ئىدىم، يەنى: «جۇڭگو ئاتالمىش دېموكراتىك دۆلەتلەر تەرىدىن قورشاۋدا قالدى». رۇسىيە ۋە موڭغۇلىيە ھەر ئىككىسى بۇ دائىرىنىڭ ئەزاسىغا ئايلانغان. بۇ جۇڭگونىڭ بىخەتەر ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر سەۋەبلەردىندۇر.

www.taklimakan.biz

كىشىلەر «ئىستراتېگىيىلىك بۆسۈش» مەسىلىسى ھەققىدە توختىماي سۆزلەيدۇ. ئەگەر بۆسۈپ چىقىشقا توغرا كەلسە، بىردىنبىر تاللاش غەربىي دىياردۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ستان» دەپ ئاتىلىدىغان يەتتە دۆلەتنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزمدىن ۋاز كەچتى، ئەمما پۈتۈنلەي «غەربلىشىش»كىمۇ يۈزلەنمىدى. ئاجىز دۆلەتلەر كۈچلۈك دۆلەتلەرگە موھتاج، ئەلۋەتتە. ئامېرىكا ھازىر خۇددى كەچلىك تاماقنىڭ ئاشپىزىگە، رۇسىيە بولسا قاچا يۇغۇچىغا ئوخشايدۇ. جۇڭگو ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قايسىسى بولۇش ھەققىدە ئىككىلىنىپ قالدى. ئامېرىكا ئاللىقاچان «ستان»لارغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ بولدى، ھەتتا مەلۇم بىر «ستان»نىڭ چېگراسىغا كۈرەشچى ئايروپىلانىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى. بۇ ئايروپىلانلار **10** مىنۇتتا قالماي شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ «ستان»لار بىلەن يېقىنلىق مۇناسىۋىتىمىزنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمىز. ئۇلار بىزگە موھتاج، بىزمۇ ھەم ئۇلارغا موھتاجمىز. ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ ئۆز چېگراسىدىن ھالقىغان ئىستراتېگىيىلىك ئىلگىرىلەش نىشانى بولمىسا، ئۇ پەقەت پاسسىپ ھالەتتىلا چۈشۈپ قېلىپ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس.

دۇنيا ئىشلىرى ھازىر خۇددى شاھمات ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. دۇنيا چوڭ شاھمات تاختىسى بولۇپ، ھازىر ئۇرۇقنى مېڭىشقا ئەڭ لايىقى بولغىنى ئامېرىكا. مەن كاللامدا كەلگۈسى ئۈچۈن بىر لايىھە سىزىپ چىقتىم: «دۇنيادا ئامېرىكا، ياۋروپا، رۇسىيە ۋە جۇڭگودىن ئىبارەت تۆت شاھماتچى بولۇشى كېرەك».

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، دۇنيا تۆت نۇقتىغا ئايرىلىدۇ. چوڭ دۆلەتلەر دۇنيا نۇقتىسىدىن رايونلارغا قارايدۇ؛ كىچىك دۆلەتلەر بولسا رايون نۇقتىسىدىن دۇنياغا قارايدۇ. مانا بۇ چوڭ دۆلەتلەر بىلەن كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى روشەن پەرقتۇر. چوڭ دۆلەتتە بولۇشقا تېگىشلىك ئۈچ تۈرلۈك سۈپەت بار بولۇپ، يەنى «ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئىشلارغا نىسبەتەن بەرداشلىق بېرەلەيدىغان جاسارەتنىڭ بولۇشى، ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان ئىشلارنى ئۆزگەرتىشكە نىسبەتەن جۈرئەتنىڭ تىكلىنىشى ھەمدە يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك ئىشلارنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ

www.taklimakan.biz

يېتىلىشىدۇر».

مەن بۇشىنىڭ شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا شەرق ھەققىدە ئېيتقان تەسۋىرىنى قوللىنىپ ئېيتىمەنكى، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك، ئۇ جۇڭگو مىللىتىنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكى؛ شىنجاڭ جۇڭگو مىللىتىنىڭ شىنجاڭى.

شىنجاڭ جۇغراپىيەۋى سىياسەتتە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىگەندىن سىرت، يەنە 21 ـ ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى يۆكسەلدۈرىدىغان بايلىق مەنبەسىدۇر. كىشىلەر دائىم «قارا ۋە ئاق» دېيىشىدۇ. «قارا» دېگىنى نېفىتنى؛ «ئاق» بولسا پاختىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى شىنجاڭنىڭ ئارتۇقچىلىقىدۇر ھەمدە يەنە سۇ مەنبەسىمۇ بار. بۇ ئەسىردە، سۇ بايلىقىغا قارىتا زوراۋانلىق رىقابىتى توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشنىڭ مەنبەسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ، ئامېرىكا دۆلەتلىك ئاخبارات كېڭىشىنىڭ يېقىنقى دوكلاتىنىڭ خۇلاسىسىدە تىلغا ئېلىنغان.

مەن ئىلگىرى جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ كەلگۈسىدە يالۇزانبۇ دەرياسىدىكى سۇ بايلىقىنى تالاش ـ تارتىش بىلەن تېخىمۇ كەسكىنلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. مەدەنىيەتلەر ھەمىشە سۇ مەسىلىسىگە يېقىنلىشىدۇ. دۇنيادا سۇ مەنپەئىتى ئۈستىگە قۇرۇلمىغان شەھەر يوق دېيەرلىك. جۇڭگودا ئادەم كۆچى كەم ئەمەس، ئادەم كۆچى قانچىكى كەم بولمىسا، سۇ شۇنچە كەمچىل بولىدۇ. سۇ مەسىلىسى جۇڭگونى ھامان بىر كۈنى پايتەختنى باشقا جايغا يۆتكەشكە مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن. كەمبەغەللىمۇ سۇغا مۇھتاج، بايمۇ ھەم. ساغلاملىقىمۇ سۇدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۆلۈممۇ ھەم شۇنداق. دانىشمەنلەر ئاللىبۇرۇن ئەنسىرىگەن ھالدا: «ئەتە ئىچىدىغان سۇيىمىز بارمۇ؟» دەپ ئۈنلۈك توۋلىماقتا.

غەربىي رايونلاردىكى ئېگىزلىكلەردە سۇ كەمچىل ئەمەس. جۇڭگونىڭ ئىككى ئانا دەرياسىنىڭ ھەر ئىككىلىسى شۇ ئېگىزلىكتىن ئېقىپ كەلگەن. شىنجاڭدا سۇ بايلىقى مول، ئۇ يەردىكى سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئېلىپ بېرىلمايۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە لىن زېشۇنىڭ سۆزى بىزگە ئۈلگە بولالايدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «شىنجاڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاخىرقى چىقىش نۇقتىسىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. شىزاڭنىڭ مۇھىتى ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا

www.taklimakan.biz

ماس كەلمەيدۇ، شىنجاڭ بولسا ئەڭ بەك ماس كېلىدىغان رايون». ئەجەبا، بىر مىلياردتەك خىتايلار بۇ كىچىك بوشلۇققا سىغامدۇ؟

ئەگەر شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ياخشى قۇرۇلسا، جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنىڭ يېرىمى تاماملانغان بولىدۇ. غەربىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. مېنىڭچە، ئەڭ مۇھىم ئىككى مەسىلە بار:

## بىرىنچىسى، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى تەتۈر يۆنىلىشتە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

ئالدى بىلەن شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ياكى شەرق بىلەن ئوخشاش ھالەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاندىن كېيىن مەركىزى قىسىمغا قوشۇۋېتىش. زو زوڭتاڭ «ئەگەر ئۇيغۇر ئىقلىمىنى قوغدىغىلى بولمىسا، موڭغۇل ئىقلىمىنىمۇ قوغدىغىلى بولمايدۇ» دەپ قارىغان. شۇنداق قىلغاندا جۇڭگو ئەسلىدىكى 3 مىليون **500** مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق ھالىتىگە قايتىپ كېلەلىشى مۇمكىن. زۇ داشۇي سىياسىي نۇقتىدىن شىنجاڭنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە توختىلىپ، «مېنىڭچە، ياشاش ۋە تەبىئىي بايلىق نۇقتىسىدىن ئېيتارەت باشقا تەرەپلەرگە پۈتۈنلەي ماس پايدىلانغىلى بولىدۇ. جۇڭگوغا نىسبەتەن غەرب تەرەپنىڭ دائىرىسى بەك چوڭ، ھەم بەك چۆللۈك. ئەگەر غەرب تەرەپنىڭ خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، ئۇ جۇڭگوغا چەكسىز ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ؛ ئەگەر ياخشى ئىشلەنمىسە، چوقۇم جۇڭگونىڭ ئارقىغا چېكىنىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

## ئىككىنچىدىن، سىياسەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش.

شىنجىن ئۆز ۋاقتىدا مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ «ئالاھىدە سىياسەتلەر»گە تايىنىپ، قاقاس يەردىن ھازىرقى ھالەتكە ئايلاندى. شۇ ئالاھىدە سىياسەتلەر بولمىغان بولسىدى، ھازىرقى شىنجىن بولمىغان بولاتتى. بىزمۇ شۇنداق دېيەلەيمىزكى، شۇ ئالاھىدە سىياسەت بولمىسىدى، غەرب تەرەپنىڭ بۈگۈنكى چوڭ تەرەققىياتلىرى بولمىغان بولاتتى.

شىنجاڭدا بۈگۈنكى كۈندە بىرئاز مەسىلە كۆرۈلگەندەك قىلىدۇ، ئەمما


www.taklimakan.biz

مەن بەك ئۈمىدۋار. شىزاڭ قارىماققا تىنچتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەسىلىسى شىنجاڭدىنمۇ ئېغىر. مەسىلەن:

## 1- پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى شىنجاڭلىقلار قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

بۇ سىياسەتنىڭ يادروسى بولسا «خىتايلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىتاي مىللىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى». ئۇ خۇددى بېلىق بىلەن سۇنىڭ؛ كالپۇك بىلەن چىشنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. دۇنيادا ئەزەلدىن شىنجاڭ ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ھۆكۈمىتىگە ئوخشاش مىللىي ئىشلارنى توغرا بىرتەرەپ قىلالىغان ھۆكۈمەت بولۇپ باقمىغان. مەيلى قانداق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلدى. شۇ مۇناسىپ سىياسەتلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەڭ ئاكتىپ رول ئوينىغان.

شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا بىرقانچە قېتىم قالايمىقانچىلىقلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە قوشۇنلىرى ئاساسلىق گەۋدە سۈپىتىدە ئاۋانگارتلىق رولىنى ئۆتىگەن. نۇرغۇن ئۇيغۇر يۇرتداشلار: «مېنىڭ ئۈستۈنكى بەدىنىم ئۇيغۇرغا؛ تۆۋەنكى بەدىنىم خىتايلارغا تەۋە» دېگەن. كىچىك بىر مىسالنى ئالساق، ئۈرۈمچىدىكى تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇرلار خىتاي تىلىنى نۇرغۇن خىتايلارغا قارىغاندا ياخشى سۆزلىيەلەيدۇ. شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئۆلچەملىك خىتاي ئەدەبىي تىلىنى ساقلاپ جايلارنىڭ بىرى. ئامېرىكىدىكى مارىلاند ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇرلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پىروفېسسور لۇ دېشىڭ مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتايلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە زوراۋان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رادىكاللار ئىنتايىن ئاز. پۈتۈن شىنجاڭدا پەقەت يىگىرمە ياكى ئوتتۇز نەپەرلا رادىكال بار» دېگەن. مەن بۇ سانغا بەك ئىشەنمەيمەن، ئەمما ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق دېگەن.

11- سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى» ئېلېمېنتلىرى تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى مەخپىي ئېلىپ بارىدىغان

www.taklimakan.biz

بولدى، بۇ تۈردىكى يۈزلىنىشلەرگە تېخىمۇ دىققەت قىلىش لازىم. شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۇەن مۇنداق دېگەن: «تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۆلگۈنچىلەر چوقۇم باستۇرۇلۇشى، مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچىلار چوقۇم تېخىمۇ بەكرەك باستۇرۇلۇشى كېرەك». كېيىنكىسى تۇخۇم تۇغالايدىغان توخۇلارغا ئوخشايدۇ ھەمدە ئىلگىرىكىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ خەتەرلىك.

## 2- بەزىلەر «شىنجاڭ ئىككىنچى چېچىنىيەگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن.

بۇ بىر خىيالىي تۇيغۇ، خالاس. مۇستەقىللىق مۇمكىنچىلىكىگە كەلسەك، شىزاڭنىڭ مۇمكىنچىلىكى شىنجاڭدىنمۇ يۇقىرى. شىزاڭدا بىر مىللەت، بىر دىن ۋە ئېتىقاد، بىرلا مەدەنىيەت بار. ئۇ بىر يېپىق رايون، تارىخ كۆرۈنۈشلىرىمۇ تولۇق. تارىخنى قارا دوسكىغا ئوخشاش پاكىز سۈرتكىلى بولمايدۇ. شىزاڭ شىنجاڭدىن خېلىلا كېيىن جۇڭگو زېمىنىغا كىرگۈزۈلگەن. ئەمما، شىنجاڭدا مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ۋە ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن نۇرغۇن مىللەتلەر مەۋجۇت. شىنجاڭ بىلەن چېگرالىنىدىغان قازاقىستان بولسا **131** مىللەت ياشايدىغان كىچىك بىر دۆلەت. شىنجاڭدىكى مەسىلىلەر پەقەت شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا مەركەزلەشكەن. جەنۇبىي شىنجاڭ شىنجاڭنىڭ ئەڭ مۇھىم بىرتەرەپ قىلىنىدىغان رايونى ھېسابلىنىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىسە، پۈتكۈل شىنجاڭدا ھېچ ئىش يۈز بەرمەيدۇ.

## 3- ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىككى خىل پىسخىكىلىق خاراكتېرى بار.

ئۇلار بەزىدە بەك ھۇرۇن، بەزىدە ناھايىتى تىرىشچان بولۇپ كېتىدۇ؛ بەزىدە ئۇلار ناھايىتى گەپ چۈشىنىدىغان، بەزىدە پەقەت گەپ چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. قىزغىن بولۇپ كەتسە قۇياشتەك پارلاق، سوۋۇغاندا شىۋىرغان قىشقىلا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇلار بىلەن دوست بولالايسىز ھەم دۈشمەنمۇ بولالايسىز. بەزى ئۇيغۇر كادىرلىرى قوزغىلاڭلارنى تىنچىتىش جەريانىدا قازا قىلدى؛ بەزىلىرى بولسا كۈندۈزلىرى دۆلەت بايرىقىنى

www.taklimakan.biz

ئېسىپ، كەچ بولغاندا چۈشۈرۈپ ئۈنى دەسسىدى. خىتايلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار كىچىك ئۇكىلار، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇلار چوڭ ئاغا. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ناھايىتى ساددا، ئەمما ئۇلار خىتايلارنىڭ ھىيلىسىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئىنتايىن ناچار بولۇپ كېتىشتى. مېنىڭچە، بۇنداق مىللەت كەلكۈنگە ئوخشايدۇ. سۇنى كونترول قىلىشتا «توسۇش» قوللىنىلمايدۇ، لىنىيىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. راۋانلاشتۇرغاندا ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش كېرەك، ئەمما دادىل بولۇش كېرەك.

## 4- شىنجاڭدا ناھايىتى چوڭ «ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ھەربىي رايون»لىرى بار.

خىتايلارنىڭ ئەۋلادلىرى شىنجاڭدا يىلتىز تارتقان بولۇپ، شىنجاڭ ئۇلارنىڭ يۇرتىغا ئايلاندى. ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ھەربىي رايونلىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى يەر 70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ كۆلەم ئىككى دانە تەيۋەندىن ئېشىپ كېتىدۇ.

بىر قەدەم كەينىگە قايتساق، ئەگەر شىنجاڭ ئۆزلۈكىدىن «دۆلەت»كە ئايلانسا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ھەربىي رايونلىرى چوقۇم بىر دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا خىتاي ئاپتونوم رايونى بولۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ھەربىي رايونىنىڭ كۈچىگە تايانغاندىلا شىنجاڭدىكى مۇستەقىل كۈچلەرنىڭ ئالدىنى توسقىلى بولىدۇ.

مەن ئىلگىرى «چوڭ دۆلەتلەر تاكتىكىلىرى» ناملىق ئەسىرىمدە: «كەلگۈسىدە مۇمكىن بولسا، شىنجاڭ ۋە شىزاڭ رايونلىرىنى قايتىدىن بۆلۈپ، <شىنجاڭ مۇستەقىللىقى> ۋە <زاڭزۇ مۇستەقىللىقى> كۈچلىرىنىڭ تايىنىدىغان جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكلىرىنى يوقىتىۋېتىش كېرەك» دېگەن تەكلىپنى بەرگەن ئىدىم. ئەگەر بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنمىغان بولسا، بۇنىڭغا قارىتا يەنە بىر تەكلىپنى سۇنماقچىمەن. بىز شىنجاڭ ۋە شىزاڭدىكى دىنلارنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنى ئويلىشامدۇق-يوق؟ ۋولتايېر ئىلگىرى «بىرلا دىن بار دۆلەتتە زۇلۇم بولىدىغانلىقىنى، ئىككى دىن بار دۆلەتتە

www.taklimakan.biz

ئىچكى ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى، يۇزلىگەن دىنغا ئېتىقاد قىلىنىدىغان دۆلەتتە تىنچلىق بەرپا بولىدىغانلىقىنى» ئېيتقان.

رەئىس جياڭ زېمىن يىراقنى كۆرەر كىشى بولغاچقا، ئۇ بۇرۇنلا ۋاتىكان بىلەن نورمال مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. باشقا قەدىمكى بۈيۈك دىنلار ئاستا ـ ئاستا غەرب تەرەپكە كىرسە، شىنجاڭدىكى كۆپ خىل دىنلارنى تېخىمۇ موللاشتۇرىدۇ ۋە شىزاڭدىكى يەككە دىننى كۆپ خىللىققا ئايلاندۇرالايدۇ. بۇ بەلكىم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رايونلاردىكى كىشىلەر ئۈچۈن مەنىۋى ئىنقىلاب ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

بىزنىڭ كۆڭۈزچىلىق ۋە تەرىقەتچىلىك دىنىنىڭ غەربىي يۇرتلارغا كىرەلمەيدىغانلىقى تارىخ تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى. جۇڭگودا پىشىپ يېتىلگەن دىن يوق. ئۇ يەردىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىۋاتقان كىشىلەر دىنغا موھتاج بولۇۋاتىدۇ. خرىستىئان دىنى كىشىلەرنى ھازىرقى دۇنياغا بويسۇنۇش ئىدىيەسىدە بولۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا، بۇ دۇنياغا ئېتىبار بەرمەسلىككە ۋە نەزىرىدىكى ئاخىرەت دۇنياسىغا ئەھمىيەت بېرىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. بۇ ئوبيېكتىپ ھالدا جەمئىيەت تەرتىپى ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ مۇقىملىقىغا تۆھپە قوشىدۇ.

جۇڭگودىكى ئۈچ دىن ئاساسەن ئۆرۈپ ـ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەردە تەقۋالىق ۋە باشقىلارنى ھۆرمەتلەش تۇيغۇسى يوقاپ كەتكەن. جۇڭگو خەلقىدە ئىككى خىل روھىي كرىزىس مەۋجۇت: بىرى، ئەخلاقنىڭ تۆۋەن چېكى يوق، يەنى گۇناھ ۋە نومۇس تۇيغۇسى بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بارلىق چىرىكلىك بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ھېچكىمدە ئىشەنمەسلىك. ئەگەر سىز ھېچكىمگە ئىشەنمىسىڭىز، كىشىلەرمۇ سىزگە قانداق ئىشىنەلمەيدۇ؟

ئېتىقاد بۈيۈك ۋە ئېسىل نەرسە. بارلىق مەسىلىلەرنى ئېتىقاد نۇقتىسىدىن تۇرۇپ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، دۇنيادا **6** مىليارد نوپۇس بار بولۇپ، دىنغا ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ سانى **1** مىليارد **300** مىليونغا يېتىدۇ. جۇڭگودا **1** مىليارد **300** مىليون ئادەم بار، دىنغا ئىشەنمەيدىغانلار **1** مىليارد **200** مىليوندىن ئاشىدۇ. شۇڭلاشقا،

www.taklimakan.biz

دۇنيادىكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جۇڭگودا. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئېتىقادى بولمىسا، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى پەقەتلا ئىستېمالچى ياكى كىرەكسىز نەرسىلەرنى چىقىرىش سىستېمىسى، خالاس.

كىشىلەردە چوقۇم ئەقىدە بولۇش كېرەك. پەقەت ئەقىدىلىك كىشىلەر ئويۇن قائىدىسىنى تۈزگەندە ئۆزىنىلا ئويلاشمايدۇ. پىرېزىدېنت بولغاندا پىرېزىدېنت سىستېمىسىنى، ئۆكتىچىلەر بولغاندا كابىنېت سىستېمىسىنى تاللايدىغان بەزى سىياسىئونلارغا ئوخشاپ قالماسلىق كېرەك. شۇنداقلا، ئۆكتىچى بولغاندا مۇستەبىت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە دېموكراتىيەنى خالايدىغان بەزى سىياسىي پارتىيەلەرگە ئوخشاپ قالماسلىق كېرەك.

نېمە ئۈچۈن خىرىستىئان دىنىنىڭ تەسىر دائىرىسى باشقا دىنلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ؟ نېمىشقا خىرىستىئان دىنغا ئىشىنىدىغان كۆپىنچە دۆلەتلەر تەرەققىي قىلغان؟ مانا بۇ تەتقىقات قىلىشقا ئەرزىيدىغان تېما.

مېنىڭچە، ئوتتۇز يىل ئىچىدە جۇڭگونىڭ پەلسەپە ۋە ئىلمىي چەمبىرىكى قىزغىن كۆرەش ئىچىدە بولىدۇ. جۇڭگولۇقلار تېخى يەككە خۇسۇسىيەتلىك شەخسكە ئايلىنىپ بولالمىدى. يەن فۇ مۇنداق دېگەن: «ئەركىنلىك تەن ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل دۆلەت ئۈچۈن مۇھىمدۇر». ئادەم يەككە خۇسۇسىيەتلىك شەخسكە ئايلانغاندىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولالايدۇ ۋە ھەقىقىي ئۆزىنى تونۇش تۇيغۇسىغا ئىگە بولالايدۇ. ئەڭ مۇھىم بولغىنى، ئاڭ ۋە ئۆزىنى تونۇش ئېڭىنىڭ كەمچىل بولۇشى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئاجىز تەرىپىدۇر. بۇ كەمچىلىك 20 ـ ئەسىردە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ئەينى ۋاقىتتا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جۇڭگو خەلقىنىڭ كىچىككىنە قالغان ۋىجدانى ۋە ئەخلاقىنى پەيدىنپەي ۋەيران قىلغان ئىدى. خەلقتە ئازاب ـ ئوقۇبەتنى بىلىش ھوقۇقى يوق، پەقەت ئازاب ـ ئوقۇبەتنى ھېس قىلىش ھوقۇقىلا بار ئىدى.

20 ـ ئەسىردىكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ھۆكۈمى 21 ـ ئەسىردىكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېڭىغا ئايلانماقتا. جۇڭگو خەلقىنىڭ كىشىلىك

www.taklimakan.biz

مۇناسىۋىتى تولىمۇ قەبىھ بولغاچقا، ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولدى، ئىچكى ئۇرۇش بەك رەھىمسىزلەرچە يۈز بەردى. چۈنكى، بىزدە ساغلام خاراكتېرلىك ئادىمىيلىك تۇيغۇسى يوق. نومۇس ۋە ئۆزىنى تونۇش تۇيغۇسى بولمىسا، مۇستەقىل يەككە خۇسۇسىيەتلىك شەخس يارىتىلمايدۇ؛ مۇستەقىل يەككە خۇسۇسىيەتلىك شەخس بولمىسا، مۇستەقىل پىكىرمۇ بولمايدۇ. جۇڭگو تارىخىدىكى ھوقۇق سىياسىتىنىڭ شەكلىمۇ بۇنىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك (مەن ئەيىبدار ئەمەس، باشقىلارنىڭ قىلغىنى خاتا ... دېگەندەك). پەقەت باشقىلارغا زۇلۇم قىلغاندىلا، باشقىلار تەرىپىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ. پەقەت ئادەم ئۆلتۈرگەندىلا ئاندىن باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ھوقۇق سىياسىتىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھېچقانداق مۇقەددەس نەرسە يوق.

مەن چېڭدۇدا ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتىمدا، شەنشىدىكى بەزى ھەربىي قىسىملار چېڭدۇ ھەربىي رايونىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ئىدى. مەن ئارمىيەگە تەكشۈرۈشكە چۈشكەندە، نۇرغۇن قېتىم گۇەنجوڭغا باردىم. گۇەنجۇڭدا خىرىستىئان دىنى تېز راۋاجلىنىپ كەتكەن ئىدى. نېمە ئۈچۈن؟ ئىلگىرى ھاۋارايى ۋە ھۆل-يېغىن ئەھۋالى ياخشى بولغان سەنچىن زېمىنىدا يېقىنقى يىللاردا ئۇدا نەچچە يىل قۇرغاقچىلىق بولدى. ئىلگىرى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇرغۇن ناھىيەلەر چوشقا بېقىش ئۈچۈن بۇغداي سامانلىرىنى يىغىشقا باشلىدى. ماددىي ئەشيالارنىڭ باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلىدى، ئەمما يېمەكلىكنىڭ باھاسى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىدى. بۇ بىر قاتار ئىشلار ئۇلارنى تەمتىرىتىپ قويدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە، ئاساسىي قاتلامدىكىلەرنىڭ چىرىكلىكى سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ ئاددىي تەلەپلىرىمۇ ئورۇندالمىدى. تۇرمۇش كەچۈرۈش ئادەتتىن تاشقىرى قىيىنلىشىپ كەتتى. ئۇلار بۇ چاغدا مەنىۋى داھىيغا ئىنتايىن موھتاج بولغاچقا، بۇ ۋاقىتتا يېڭى بىر دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇلارغا «ئاسمىغان قازاننىڭ ئېشىنى يېيىش، ئاغزىنى تاتلىق قىلىش»تەك خۇشاللىق تۇيغۇسى ئاتا قىلدى. دېھقانلارنىڭ تەشنالىق كۆزلىرى ئاسمانغا تىكىلدى. خىرىستىئان دىنىدىكى «گۇناھ نەزەرىيىسى» ئۇلارنىڭ ھېسسىيات تەلپىگە ماس كېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «بىز گۇناھكار، خۇدا بىزنى سىنايدۇ ۋە جازالايدۇ. پەقەت خۇداغا ئىشەنگەندە ۋە زاھىدلىققا بېرىلگەندە، ئاندىن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشەلەيمىز».

www.taklimakan.biz

ئەكسىچە، دېڭىز بويىدىكى باي رايونلاردا نىمشىقا شۇنچىۋالا كۆپ كىشىلەر بۇددا دىنىغا ئىشىنىدۇ؟ چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەر سىياسەت يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەتكەسچىلىك ئارقىلىق بىر كېچىدىلا باي بولىدۇ. ئۇلار ھەتتا ساناپ بولالمايدىغان پۇلغا دۇچ كەلگەندە، روھى جەھەتتىن پۈتۈنلەي تەييارلىقسىز بولۇپ، پەقەت ئۇنى «ئىلگىرىكى ھاياتتىن كەلگەن بەخت بۇددا دىنىنىڭ بەرىكىتىدىن» بولغان دەپ ئويلىشىدۇ.

خىرىستىئان دىنى جۇڭگوغا كىرگىلى نەچچە يۈز يىل بولغان بولسىمۇ، كۆڭزى قوغدىغۇچىلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى ئاستىدا، خىرىستىيان دىنىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشى ئىنتايىن قىيىنغا توختىدى. بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بولسا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدىكى «تەيپىڭ تيەنگو» قوزغىلىڭى خىرىستىئان دىنىنىڭ كۈچ بىلەن كېڭىيىشتە مەيدانغا كەلگەن، ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر قېتىملىق ئۇرۇنۇشى ئىدى، بىراق ئۇ مەغلۇپ بولغان.

مېنىڭچە خوڭ شيۇچۈەننىڭ «خۇداغا چوقۇنۇش» شوئارى ھەقىقى مەنىدىكى خىرىستىيان دىنى ئەمەس، ئۇ پەقەتلا خۇدا ۋە ئاسمان ئاتا نامىدىكى بىر بىدئەت دىن، خالاس. لېكىن، زېڭ گوفەن «سۇڭ ۋە مىڭ داۋ»شۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە فېئودال ھاكىمىيەتنى باستۇرغان؛ شياڭ (قەدىمدىكى خىتاي قەبىلىسى) ئارمىيىسىنى قوراللىق كۈچ سۈپىتىدە ئىشلىتىپ خىرىستىيان دىنىغا قارشى تۇرغان؛ دىنىي ھاكىمىيەتنى تايانچ كۈچ قىلغان ۋە خوڭ شيۇچۈەن باشچىلىقىدىكى تەيپىڭ قوراللىق كۈچىگە تاقابىل تۇرغان. بۇ ئورۇندا، يۇقىرىقى ئىككى دىن ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشمۇ بولغان. بۇنداق توقۇنۇشلار قانلىق قىرغىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، زېڭ گوپەنمۇ ئەجدادلىرى ۋاڭ ياڭمىڭ، جۇ شى ۋە باشقا «بۈيۈك كۆڭزى»چىلارغا ئوخشاش تاش يۈرەك قاتىللاردىن ئىدى.

شىنجاڭ تارىختىن بۇيان دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ۋە كۆچمەن مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ ئالدىنقى سېپى بولۇپ كەلگەن، شۇنداقلا ئىسلام مەدەنىيىتى، كۆڭزى مەدەنىيىتى ۋە بۇددىزم مەدەنىيەتلىرىنىڭ توقۇنۇش مەيدانى بولغان. غەربنىڭ دىنىي مەدەنىيىتى تېخى ھازىرغا قەدەر ئۇ يەرگە تەسىر كۆرسىتىپ باقمىدى. شىنجاڭ دىيارىنىڭ يېڭىلىقلارنى قوبۇل

www.taklimakan.biz

قىلىشچانلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئۇ يەر غەربىنىڭ دىنىنى سىناق سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. «شىزاڭدىمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىك بارمۇ؟» دېگەندە، ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ غەربتىكى دىنىي ساھەدىكىلەر: «يىراق شەرقتە گۈزەل بىر جەننەت بار، ئۇ يەردە كۆپلىگەن قوي پادىلىرىنى بېقىشنى ساقلاۋاتىمىز» دېگەن. ئۇ جەننەتنى ئىزدەپ تېپىش نۇرغۇن دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ئارزۇسىغا ئايلانغاندى. ئىككى يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە دىن تارقاتقۇچىلار ئاسىيانىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە يىغىلىپ، شىزاڭنىڭ ئىشىكىنى قايتا ـ قايتا چەكتى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا، «تىبەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنلىرىغا كىرگۈزۈش ئەڭ چوڭ غەلىبە» دەپ ئويلىشاتتى.

## شىزاڭ

ئۇ كۈچلۈكلەرنىڭ زېمىنى. ئۇ يەردە كۈچلۈك ئىرادە ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە كىشىلەرلا ھايات كەچۈرەلەيدۇ. چىڭخەي شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ پەيدا بولۇشى يەر شارىنىڭ تەقدىرىنى ۋە قىياپىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، بۈگۈنكى جۇڭگو، ھەتتا ئاسىيا ئۈچۈن ھاياتلىق يەلكىنىنى كۆتۈردى. مىڭلىغان دەريالار چىڭخەي شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن ئېقىپ كېلىدۇ.

مەن چېگدۇ ھەربىي رايونىدا ئىككى يىل خىزمەت ئۆتىدىم، ئالتە قېتىم شىزاڭغا باردىم. مېنىڭ تەتقىقاتىمنىڭ نەتىجىسى شۇكى، ئەگەر شىزاڭنى مۇقىملاشتۇرماقچى بولساق، چوقۇم شىزاڭنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ئەگەر شىزاڭنى ئۆزگەرتمەكچى بولساق، دىنىي جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك. شىزاڭلىقلار شىزاڭدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا، تاكى لاساغا بېرىپ بولغۇچە ھەربىر قەدىمىدە بىر قېتىم باش ئۇرغان ھالەتتە ماڭىدۇ. جوخاڭ بۇتخانىسى ئالدىدا بىر تۈركۈم تىبەتلىكلەر مۇقەددەس كىتابنى يەنە بىرىنىڭ قولىدىن ئېلىشنى كۈتۈپ، بىرنەچچە ئايغىچە تىزلىنىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

بۇ ئىككى خىل كۆرۈنۈش مېنى ھاياتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قايتا ئويلاندۇردى. ھايات ھەم مەنىلىك، ھەم مەنىسىزدۇر. ھاياتنىڭ ئەھمىيەتلىك بولۇشى ھەربىرىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقىمىزدا

www.taklimakan.biz

ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ داۋاملىششىنىڭ بىر قىسمى بولغانلىقىمىزدا، بۇ ھەممىگە ئايان بولغان بىر ھەقىقەت. ئىنسانلار تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكى ئىنسانلارنىڭ ناھايىتى ئاجىزلىقىدىن بولىدۇ. تەبىئەت ئالدىدا، بولۇپمۇ چىڭخەي شىزاڭ ئېگىزلىكىگە ئوخشاش ناچار مۇھىت شارائىت ئاستىدا ئىنسانلار قارىماققا شۇنچە چارىسىز، ناھايىتى ئاجىز ۋە غەم ـ قايغۇ ئىچىدە كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم روھىيەتنى كۈچەيتىپ، جىسمانىي قىيىنچىلىقلارغا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. جىسمانىي قىيىنچىلىقلارمۇ ئۆز ئورنىدا روھىيەتنى كۈچەيتىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغىنى شۇكى، زاڭزۇ مىللىتى تايىنىدىغان مەنىۋى ئوزۇق مەلۇم دەرىجىدە قالاق بولغاچقا، زامانىۋى ئۇقۇملار بىلەن سىغىشمايدۇ. زاڭزۇ مىللىتى ئەسلىدە بىر كۈچتۈڭگۈر مىللەت ئىدى. تۇبۇت (شىزاڭدىكى قەدىمدىكى بىر دۆلەتنىڭ نامى) دۆلىتى گۈللەنگەن ۋاقىتتا، ئەسكەرلەر لۇلوڭغىچە (ھازىرقى بەيدەخې رايونىدا) يېتىپ كەلدى. بۈگۈن بىز شىزاڭغا كىرگىنىمىزدە، چىڭخەي ـ شىزاڭ ياكى سىچۈەن ـ شىزاڭ لىنىيىسىنى كېسىپ ئۆتۈش ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەس تۇيۇلىدۇ. ئەمما، قەدىمكى دەۋرلەرنى ئەسلەپ بېقىڭ. تۇبۇت دۆلەت ئارمىيىسى شىزاڭدىن چىققاندا تالاي قىيىنچىلىق ۋە قاتتىقچىلىقلارغا يولۇققان بولسىمۇ، يەنىلا جەڭ مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ نۇرغۇن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ خىل مىللىي روھ كىشىلەرگە نۇرغۇن ئويلارنى ئاتا قىلالايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەمما، بۈددا دىنى شىزاڭغا كىرگەندىن بۇيان، بۇ مىللەتنىڭ باتۇر روھى ئاستا ـ ئاستا يوقىتىۋېلىندى. بۈددا دىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانسېرى كىشىلەرنىڭ قەلبى، مىللىي خاراكتېرى ئاجىزلىققا يۈزلەندى. كىشىلەر شۇنچىلىك قىيىنچىلىقتا تۇرۇپمۇ، يەنىلا مىستىن دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز بۇتنى ياساپ چىققان ۋە ئۇنى ئەڭ قىممەتلىك مەرۋايىتلار بېزىگەن. ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى دېمەيلا قويايلى، ئۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى كىرىزىس ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. رەھىمسىز پاكىت شۇكى، ئەرلەر بۇتخانىغا ئەۋەتىلگەن، ھەتتا ئەۋلاد قالدۇرۇشمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالغان ئىدى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىزاڭغا كىرگەندە، شىزاڭنىڭ نوپۇسى بىر مىليونغىمۇ يەتمەيتتى. ھازىر 2 مىليون 600 مىڭ نوپۇس بار. شىزاڭنى



www.taklimakan.biz

قۇتقۇزۇۋالغىنى كومپارتىيەدۇر. بىراق، شىزاڭدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنداق ئويلىمايدۇ. بولۇپمۇ دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ئىمتىيازلىق لامالارغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق ئويلىمايدۇ. ئۇلار چوڭ قورۇقلۇقتىن نۇرغۇن ياردەم ۋە مەبلەغكە ئېرىشىپ، ئۆزلىرى ئۇچۇن بۇتخانا سېلىپ ۋە ھەشەمەتلىك، ئەيش ـ ئىشرەتلىك خىزمەتتىن ھوزۇرلىنىپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن خىتايلارنى ئەيىبلەپ، «خىتايلار زېمىنىمىزنى ئىگىلەپ كېتىشتى» دېيىشىدۇ. ماۋزېدۇڭ ئىلگىرى ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «شىزاڭ زاڭزۇ خەلقىگە، ھەم جۇڭگوغا مەنسۇپ، شىزاڭ تاشقى كۈچلەرنىڭ ئەمەس. ئاۋۋال (لامالار) شىزاڭدا بەك كۆپ بايلىقلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشتى، ئەمما ئۇلار شىزاڭغا ھېچقانداق تۆھپە قوشۇپ باقمىدى». بىز ماۋزېدۇڭنىڭ يولىدا داۋاملىق مېڭىشىمىز، تىبەت خەلقىنى قوللىشىمىز كېرەك، بىراق ئەمەلدارلار ئۇنىڭ سىرتىدا.

ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئالاھىدە ئىمتىيازلىق كىشىلەر كۆپ ساندىكى تىبەتلەرنى مۇتلەق كونترول قىلالايدۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى دىن سەۋەبىدىندۇر. شىزاڭدىكى نۇرغۇن ئاددىي پۇقرالار: «كوممۇنىستىك پارتىيە بىزگە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلىدە بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بىزنى ئاخىرەتتىن قۇتۇلدۇرالامدۇ؟» دەيدۇ. بۇ دىنىي كۈچنىڭ زاڭزۇ خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا قانچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شىزاڭ مەسىلىسى ئەلۋەتتە ئىقتىسادىي مەسىلە ئەمەس، ئۇ ھەرقانداق ماددىي مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. بىزنىڭ مىللىي ئىشلارغا مەسئۇل بىر قانچە كادىرىمىز ئۇ يەردە ماددىي ۋە مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىرتەرەپ قىلغىلى بولىدىغان ئىدىيەنى شەكىللەندۇرگەن. شىزاڭدىكى بىر ئۆكتىچى مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىزگە سىزنى قوغدايدىغان ساقچى ۋە يەيدىغان يېمەكلىك بېرىلسە، سىز ئۆز دادىڭىزنى تىللاشقا مەجبۇرلىنىسىز، بۇنداق قىلمىش كىشىلەردە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلامدۇ ـ نېمە؟». ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى دادا دالاي لامانى كۆرسىتىدۇ. بۇ پاكىت شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مىللىي مەسىلىنىڭ يىلتىزى ماددىي سەۋىيىدە بولماستىن، بەلكى مەنىۋى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىدە.

شىزاڭ شىنجاڭغا قارىغاندا تىنچراق، شىزاڭدىكى بەزى كىشىلەر ھەمىشە

www.taklimakan.biz

تىنچ ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلەيدۇ، بەك چوڭ ئىش قىلدى دېسەكمۇ، پەقەت تاش ئاتالايدۇ. مىلتىق ۋە پارتلاتقۇچ دورىلارنى ئىشلىتىش شىنجاڭدىكى بەزى تېررورچىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ قالدى. ئەمما، مەن شىزاڭنى «يۇقىرى بېسىملىق قازان»غا ئوخشاتسام، ئۇنىڭ تىنچلىقى بوراندىن ئىلگىرىكى تىنچلىققا ئوخشايدۇ. جىددىي ئەھۋال ياكى چوڭ ئۆزگىرىش بولسا، قازاننىڭ پارتلىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش تەس.

شىزاڭ مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلغاندا، چوقۇم تىبەتلەرنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى ئويلىشىشىمىز كېرەك، بۇ خىتايلار ئۈچۈن ئەڭ قىيىن مەسىلىدۇر. جۇڭگو دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان دۆلەت بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇستىن كەم دېگەندە 95% خىتايلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى يوق. ئەگەر بار بولغان تەقدىردە، بۇ ئىنتايىن ئەمەلىيەتچىل دىن بولۇشى كېرەك. ئەگەر كىشىلەرگە بۇت ھەيكەللەرنى چېقىۋەتسىلا، ئۇلارنىڭ بەختكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئېيتسىڭىز، ھەممە ئادەم ئىككىلەنمەيلا قوللىرىغا تاش ئېلىپ، بۇتلارغا قارىتىپ ئېتىشىدۇ. جۇڭگودىكى دىنلار ھەرقانداق مۇقەددەس نەرسىنىڭ ھاقارەت قىلىنىشىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. بۇ، خىتايلارنى دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك ۋە ساداقەتمەن كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ھەمىشە يەڭگىلى بولمايدىغان مەنىۋى توسۇققا دۇچ كەلتۈرىدۇ. بۇ توسۇق بەك پۇختا بولۇپ، خۇددى ئەرنىڭ ھامىلدار ئاياللارنىڭ تۇغۇت جەريانىدىكى ئازابلىرىنى چۈشەنمەسلىكىگە ئوخشايدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ يامان تەرىپى شۇكى، بەزى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى ياخشى بىرتەرەپ قىلالماسلىقىدۇر.

زاڭزۇ مەسىلىسىنىڭ يامان تەرىپى ھوقۇق تالىشىشتا. دىن بىلەن دۆلەت سىياسىتىنىڭ بىرلىكى ياكى دىن بىلەن دۆلەت سىياسىتىنى ئايرىش مەسىلىسى، بىز يېڭى ئەسىردە چوقۇم تاللاش ئېلىپ بارىدىغان مەسىلىدۇر. شىزاڭنى باققاندىن ئۇنى جانلاندۇرۇش كېرەك. دىنىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كۆرە باشقا مەدەنىيەت روھىنى سىڭدۈرۈۋېتىش كېرەك. شىزاڭ چاقسىز تۇخۇمغا ئوخشايدۇ.

ماۋزېدۇڭنىڭ «مەنىۋى ئاتوم بومبىسى» ئىدىيىسى شىزاڭدا ئىستراتېگىيەلىك

www.taklimakan.biz

بومبىدەك پارتلىغان ئىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە پۈتۈن دۆلەت ماۋزېدۇڭنى ئىلاھ تۇتۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى، ئەمما شىزاڭ ئۇنى ئىلاھ تۇتۇشتا باشلامچىلىق رول ئوينىدى. شىزاڭ خەلقى ئىلاھسىز ياشىيالمايدۇ. بىر ئىلاھنىڭ ئورنىنى يەنە بىر ئىلاھ ئىلىشى تامامەن مۇمكىن. زاڭزۇ خەلقىنىڭ ماۋزېدۇڭغا كۆرسەتكەن قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئىبادەتلىرى دالاي لاما ۋە پانچېن لاماغا چوقۇنۇش ئادىتىگە ئىنتايىن ئوخشاپ قالغان ئىدى. ھەربىر ئائىلە ئۆيىگە ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ قويۇشتى، ھەر كۈنى ئۇلار قىزىل كىتابنى قوللىرىغا ئېلىپ ئۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم كۆرسەتمىلەرنى ئوقۇشاتتى. تاغ ئېغىزىدىكى مانى ئىبادەت دۆۋىسىنىڭ ئورنىغا «رەئىس ماۋزېدۇڭ دۇردانىلىرى» تېمىسىدىكى تاش لەۋھەنى ئورناتتى. تىبەتلەر يەنىلا ئاڭلىق ھالدا ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىشاتتى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بىر رەھبەر شىزاڭغا كىرىپ، پارتىيىمىزنىڭ پوزىتسىيەسىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ چىقتى. بولۇپمۇ ئەڭ ھالقىلىق ئىككى سىياسەتنى يۈرگۈزدى. يەنى، 1 ـ زاڭزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىش؛ 2 ـ خىتاي كادىرلارنىڭ ئورۇنلىرىنى تىبەتلىك كادىرلارغا بوشىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇ چاغدا پارتىيىمىزنىڭ شىزاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇسلۇبىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان ئىدى. ھازىر ماۋزېدۇڭنىڭ شىزاڭ خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئىلاھلىق ئورنى بەربات بولغان بولۇپ، زاڭزۇلارغا يېڭى ئىلاھ ئېلىپ كېلىنمىسە ئۇلار تەبىئىي ھالدا كونا ئىلاھ دالايغا قايتىپ، ئۇ (دالاي) يەنە بىر قېتىم مەنىۋى ئىمپېراتورغا ئايلىنىدۇ.

كۈچلۈك بىر مىللەت ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئىشىنىشى كېرەك. دىققىتىمىزنى دۆلەت ئىچىگە مەركەزلەشتۈرگىنىمىزدە، «زاڭزۇ مۇستەقىللىقى» كۈچلىرىنى كۆرۈۋاتىمىز؛ دۇنياغا قاراتقىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ يەنىلا جۇڭگو مىللىتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئەگەر ئۇلار يەنە ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرسا، بۇنىڭغا «بىر ئائىلىدە يۈز بەرگەن ئىچكى ماجىرا»غا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ بىزگە مۇناسىۋەتلىك رايون ۋە دۆلەتلەر بىلەن باغلىنىشلىقى بار. شىزاڭنىڭ يەر ـ زېمىنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا

www.taklimakan.biz

بولمايدۇ، شىنجاڭنىڭمۇ ھەم شۇنداق. ئۇلار جۇڭگو زېمىنىغا باغلىنىپ تۇرسىلا، جۇڭگودىن ئايرىلىشى مۇمكىن ئەمەس. غەربىي يۇرتلارغا نىسبەتەن بىزدە بىر ئۇلۇغ تەسەۋۋۇر بولۇشى كېرەك. تەسەۋۋۇر سىزنى بەلگىلەنگەن چەكلىمىلەردىن ھالقىپ ئۆتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. ئادەمنىڭ ئېگىزلىكتە ۋە قۇملۇقتا مېڭىشى زۆرۈر ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى چوقۇم دېڭىزنىڭ يەنە بىر قىرغىقىغا ۋە ئاسماننىڭ تۆرىگە يېتىپ بېرىشى كېرەك.

ھىندىستان ھەققىدە سۆزلىمەي تۇرۇپ، شىزاڭ ھەققىدە سۆزلىگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

جۇڭگو ۋە ھىندىستان مۇناسىۋىتى ئەسلىدە ياخشى ئىدى، ئەمما ھىندىستان ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىككى دۆلەت خەلقى ھىمالايا تېغىدا بىر-بىرىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ھىندىستانلىقلار سوغۇقتىن قورقىدۇ ۋە تاغقا چىقمايدۇ؛ جۇڭگولۇقلار بولسا ئىسسىقتىن قورقىدۇ، تاغدىن چۈشمەيدۇ. ھىندىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، رەزىل ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگوغا شىلتىڭ ئېتىپ، ئېغىر زەربىلەرگە ئۇچرىدى. ھىندىستاننىڭ بۈگۈنكى بىردىنبىر مەغلۇبىيىتىنى جۇڭگو كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇڭا ئۇ جۇڭگونى تېخىمۇ يامان كۆرىدۇ. يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئۇ ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن ھەربىي كۈچىنى زورايتىۋاتىدۇ.

ھىندىستاندا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ، ھەربىي كۈچ جەھەتتىنمۇ شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ھىندىستاننىڭ ھەربىي قۇرۇلۇشىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ **50**- ۋە **60**- يىللىرىدىكى كونا ماشىنىسىنى ئىشلەتكەچ تۇرۇپ، ئىقتىسادنى **Su-30** ۋە سۇ ئاستى پاراخوتى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتكەن.

جۇڭگو - ئامېرىكا جەنۇبىي دېڭىز رايونىدا يۈز بەرگەن ئايروپىلان سوقۇلۇش ۋەقەسىدىن كېيىن، ھەتتا ئامېرىكا ئۇچقۇچىلىرى ئۇ يەردىكى بىزنىڭ مەلۇم بىر دېڭىز ئارمىيە قىسىملىرىمىزنىڭ ئايرودۇرومىدىكى مۇلازىمەتلەرنىڭ ھەشەمەتلىكلىكىدىن قاتتىق ھەيران قالغان.

www.taklimakan.biz

ھىندىستان جۇڭگونىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن پايدىلىنىپ پاكىستاننى پارچىلىدى؛ يەنە جۇڭگونىڭ تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىدىن پايدىلىنىپ تەسىرىنى زورايتماقچى بولۇۋاتىدۇ. جۇڭگو ۋە ھىندىستاننىڭ دېڭىز ئارمىيىسى ئاجىز دەپ قارىلىدۇ. جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسى مالاككا بوغۇزىنى چېگرا قىلىپ، تاكى غەرب تەرەپكە بارالمايدۇ، ھىندىستان دېڭىز ئارمىيىسىمۇ شەرق تەرەپكە كېلەلمەيدۇ. ئەمما، ھازىر ھىندىستان دېڭىز ئارمىيىسى جەنۇبىي دېڭىزغا كېلىپ مانېۋىر ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھىندىستاننىڭ ئاچكۆز ۋە تويمايدىغانلىقىنىڭ تېخىمۇ روشەن ئىپادىسىدۇر. نېھرۇ مۇنداق دېگەن: «ھىندىستان ھازىرقى ئورنىدا دۇنيادا ئىككىنچى دەرىجىلىك رول ئوينىيالمايدۇ. ئۇ يا كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىشى كېرەك ياكى يوقىلىشى كېرەك. ئارىلىقتىكى ئورۇن مېنى قىزىقتۇرمايدۇ، مەنمۇ ئارىلىقتىكى ئورۇننىڭ بىرەر ئىمكانىيەتلەرنى يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن».

ھىندىستاننىڭ پاجىئەسى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرى ۋە بۇرچى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرگە بەكلا ئىشىنىپ كېتىپ، «ئاسىيا مەركىزى» بولۇشتەك ئۇتوپىيە تەسەۋۋۇرىغا بەكلا چۆكۈپ كەتكەن، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئاسىنى بەكلا تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ (ھىندىستان) جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئاسىنى يۇقىرى مۆلچەرلەپ قالغان. دۇنيا ئىنتايىن قىزىقارلىق، ئۇلار قارىماققا ھىندىستاندىن ئېھتىيات قىلىدىغاندەك قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار جۇڭگوغا تېخىمۇ ئېھتىياتچان پوزىتسىيەدە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا ئىزچىل ھىندىستاندىن ئېھتىيات قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

جۇڭگو ۋە ھىندىستان چېگراسىدا قايتۇرما ھۇجۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو ھىندىستاننىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ قويىدى. ئۇنداقتا ھازىر ھىندىستاننىڭ جۇڭگونى ئويغىتىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدىمۇ؟ بەزىلەر: «جۇڭگو بولسا يېپىق ئەقىل، ئوچۇق سىستېما؛ ھىندىستان ئوچۇق پىكىر، يېپىق سىستېما» دېيىشىدۇ. پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھىندىستاننىڭ يۇمشاق دېتال سانائىتى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئامېرىكا، ياپونىيە ھەتتا جۇڭگومۇ ھىندىستانغا

www.taklimakan.biz

بېرىپ يۇمشاق دېتال مۇتەخەسسىسلىرىنى ئىزدەۋاتىدۇ. مېنىڭچە بۇ قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس. مەن بۇنىڭدىن باشقا ئىككى مۇھىم نۇقتىغا كۆڭۈل بۆلىمەن: بىرىنچى، ھىندىستاننىڭ مائارىپى مۇستەقىل ۋە ئەركىن تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ھىندىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ئادەتتە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا مۇستەقىل تەپەككۇر ۋە تەتقىقات ئىقتىدارىغا ئىگە؛ ئىككىنچىدىن، ھىندىستان خەلقىنىڭ روھىي ھالىتى ھىندىستان سىياسىئونلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن. ھىندىستان گېزىتلىرىدە ۋە تور دۇنيالىرىدا جۇڭگو ھەققىدىكى تېمىلار چىقىپ قالسا، شىزاڭ مەسىلىسىدىن باشقا ھەرقانداق مەسىلىلەرگە بىرقەدەر ئەمەلىيەتكە ماس بولغان پىكىرلەرنى قىلىشىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال ياپونىيەدىمۇ يۈز بەرگەن. جۇڭگونىڭ تور دۇنياسىغا قارايدىغان بولساق، ياپونىيەنى تىللاش ۋە ئەيىبلەش ئومۇمىي خورلىرى جۇڭگو تور دۇنياسىنى تەۋرىتىۋېتىدۇ. ئۇنداقتا ياپونىيەدىچۇ؟ ھەتتا ئۇلۇك قانات تور بېكەتلەر ۋە گېزىتلەردىمۇ، جۇڭگوغا قارشى سۆزلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. سەۋەبى ياپونىيە جۇڭگونى رەقىب دەپ قارىمايدۇ. جۇڭگو تېخى ياپونىيەنىڭ رەقىبى بولۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلمىدى.

شىزاڭ مەسىلىسى ھىندىستان مەسىلىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. غەربىي دىيارلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئاۋۋال چوقۇم شىنجاڭغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. شىزاڭغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىلگىرى، چوقۇم ھىندىستانغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك.

**1) «شىزاڭ مۇستەقىللىقى» تەشكىلاتلىرى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتا پەقەت ھىندىستان تۈپرىقىغا تايىنىدۇ.**

شىزاڭنىڭ مۇستەقىللىقى جۇڭگوغا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. جۇڭگونىڭ يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ (شىزاڭ)نىڭ يەر شەكلى غەربتىن شەرققە يانتۇ پەلەمپەيسىمان ھالەتتە. غەرب تەرەپ ئېگىز، شەرق تەرەپ پەس بولۇپ، جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىلىك ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم ئېگىزلىك قىسمى غەرب تەرىپىدە، بولۇپمۇ شىزاڭ شۇنداق ھالەتتە. ناۋادا «تىبەت مۇستەقىللىقى» تەشكىلاتلىرى شىزاڭنى قولغا ئالسا ياكى ئامېرىكا

www.taklimakan.biz

ھىندىستاننى كونترول قىلسا، جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمى «تەيشەن تېغىنىڭ سۈن ۋۇكۇڭنى بېسىۋېلىشى» دېگەن ئوخشاش تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. ئاخىرىدا ئىككى چوڭ دەريانىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بېنگالنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئېگىزلىكلىرىمىزنىڭ باشقىلارغا ئۆتۈپ كېتىشىدەك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىشىمىز كېرەك.

بېنگال گانگى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، بىرقانچە يىللار ئىلگىرى ھىندىستان دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا توسما سالغان ئىدى. بېنگال شۇ كۈندىن باشلاپ ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. ھىندىستان جەنۇبىي ئاسىيانىڭ يامغۇرلۇق پەسلىدە، توسمىنى ئېچىپ سۈنى قويۇپ بېرىدۇ-دە، بېنگالنىڭ ھەممە يېرىنى سۇ بېسىپ كېتىدۇ؛ قۇرغاق پەسلىدە سۈنى توسۇۋالىدۇ-دە، بېنگال چۆل باياۋانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

**2) جاڭ ۋېنمۇ مۇنداق دېگەن: «<دۆلەت بىخەتەرلىكى> ئۇقۇمى <بىخەتەر چېگرا ۋە چېگرا بىخەتەرلىكى> دېمەكلىكتۇر».**

خەلقئارالىق كۈرەشتە تاشقى تەرەپكە كېڭىيىپ كېتىپ، بوشلۇقنىڭ كاپالىتى بولمىغان بىخەتەرلىك مۇتلەق ئىشەنچسىزدۇر. بىخەتەرلىك چېگراسىنىڭ كېڭىيىشى زېمىننىڭ كېڭىيىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى دۆلەت مەنپەئەتىدىكى چېگرا مەنپەئەتى قەيەرگە بارسا، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك چېگراسى شۇ تەرەپكە بولۇشى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىك چېگراسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، پۈتۈن دۇنيانى قاپلايدۇ. ھىندىستان شىزاڭنى ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك چېگراسى دەپ قارايدۇ. بىزمۇ تەبىئىي ھالدا ھىندىستاننى بىخەتەرلىك چېگرالىرىمىز دەپ قارايمىز.

**3) ھىندىستان بۈگۈنكى دۇنيادا چېگراسى ئەمەلىي كونترول سىزىقىدا بولغان بىردىنبىر دۆلەت ھېسابلىنىدۇ.**

بۇ، ھىندىستاننىڭ خەلقئارالىق قانۇن ۋە قوشنا دۆلەتلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ ھەمدە بىزنىڭ «قۇتراتقۇلۇق»ىمىزنىڭ نەتىجىسىدۇر.

www.taklimakan.biz

جۇڭگو ـ ۋيېتنام چېگراسى ۋە جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىنىڭ ئاخىرقى قېتىم ئايرىلىشىدىن كېيىن غەربىي جەنۇب بىزنىڭ كېڭىيىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋە بىردىنبىر زېمىنىمىزغا ئايلاندى. بۇ بىر تەرەپتىن خەتەرلىك ھېسابلانسا، شۇنداقلا يەنە بىر تەرەپتىن پۇرسەتتۇر. جۇڭگو بۇ ئەسىردە ۋە كېيىنكى ئەسىرلەردە قەد كۆتۈرگەندىن كېيىن، تىنچ ئوكيانغىلا ئەمەس، بەلكى ھىندى ئوكيانغىمۇ موھتاج. جۇڭگونىڭ غەربىي رايوننى ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيىلىك تەرەققىياتىمۇ دېڭىزغا چۇشۇشتە بىر بوشلۇقتا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارالاشقان بىر دۆلەتنىڭمۇ ھىندى ئوكيانغا كىرىدىغان كىرىش ئېغىزى بولۇشى كېرەك. بىز جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن ھىندى ئوكياندىن يىراق ئەمەس. مەن غەربىي جەنۇب ھەربىي رايوندىن خىزمەت ئۆتەپ كەلگەن، شۇڭا كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ھىندىستانغا قارىتا نوقۇل مۇداپىئە قوللانماسلىق كېرەك. بارتون مۇنداق دېدى: «پەقەت ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىقلا قۇربانلىق بولىدۇ، ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىقلا بىخەتەر مۇھىت بەرپا قىلغىلى بولىدۇ». قەدىمكى سۇمېرلار (مىللەتنىڭ ئىسمى) «دېڭىزدىن دېڭىزغا كېڭىيىش»تىن ئىبارەت بۈيۈك قەدەمنى باسقان، ئەمما بىز ئۇنداق قىلالماسلىقىمىز مۇمكىن. بۇ يەردە مەن مىللىي تەسىرنى كۆزدە تۇتتۇم، ئەلۋەتتە.

غەربىي ديار جۇڭگوغا نىسبەتەن «شاڭداڭ»دۇر، شىزاڭ غەربىي ديارغا نىسبەتەن «شاڭداڭ»دۇر ۋە پاكىستان، بىرما، ھەتتا نېپالمۇ شىزاڭغا نىسبەتەن «شاڭداڭ»دۇر.

پاكىستان ھىندىستاننىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، ئەمما جۇڭگونىڭ «ھاۋا چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان» دوستىدۇر. پاكىستان كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئىستراتېگىيىسىدە زور خاتالىقلارنى سادىر قىلدى، يەنى ئافغانىستاندىكى تالىبان ھاكىمىيىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى. **11**ـ سېنتەبىر ۋەقەسى پاكىستاننىڭ ئافغانىستاندىكى ئۇزۇن يىللىق قان ـ تەر نەتىجىسىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. پاكىستان ئافغانىستان ئۇرۇشىدىكى ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەتچىگە ئايلاندى. پاكىستاننىڭ تالىباننى قوللىشى ئەسلىدە ھىندىستاننى مەغلۇپ قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ «ئىستراتېگىيىلىك ئىچكىرىلەپ كىرىش»نى بەرپا قىلىش ئىدى. ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن، كۆزنى يۇمۇپ

www.taklimakan.biz

ئاچقۇچە «ئىستراتېگىيىلىك ئىچكىرىلەپ كىرىش» نىشانى ئاپەتكە ئايلىنىپ كەتتى. شۇڭلاشقا، جۇڭگو بۇ پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ پاكىستانغا ياردەم بېرىشى كېرەك. پاكىستان پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ — جۇڭگو ئۆزىنىڭ كۈچىنىڭ تەسىرنى ھىندى ئوكيان ۋە ئوتتۇرا شەرققە كىرگۈزۈۋېلىشىدىكى مۇھىم پۇرسەتتۇر.

پاكىستاننىڭ ھىندىستانغا بولغان «ئىسكەنجىگە ئېلىش» ھەرىكىتى ھىندىستاننىڭ جۇڭگوغا بولغان «ئۆزئارا چەكلەش» ھەرىكىتىدىن كۆپ بولۇۋاتىدۇ. پاكىستاننىڭ جۇڭگوغا بولغان ئېھتىياجى، ھىندىستاننىڭ ئامېرىكىغا بولغان ئېھتىياجىدىن كۆپ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. بېرما جۇڭگونىڭ ھىندىستانىنى توسۇشتا ئىشلىتىدىغان گىر تېشى بولۇۋاتىدۇ. جۇڭگونى قوللايدىغان بېرما ھۆكۈمىتى ھىندىستاننىڭ كۈچىنى زورايتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەڭ ياخشى توسۇقتۇر.

مەن ئۆزۈم جۇڭگو - بېرما چېگراسىغا بېرىپ تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. يۈننەننىڭ ۋاندىڭدىن يولغا چىقىپ ستىلۋېل يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدىن ئۆتۈپ، ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمالىغا يېتىپ بېرىش جەريانلىرىدىكى يوللارنىڭ شارائىتلىرى ئىنتايىن ياخشى ھەم راۋان ئىكەن، ھەتتا بەزى يول بۆلەكلىرىدە ئايروپىلان ئۇچۇپ قونالايدىكەن. كۆپ قىسىم يول بۆلەكلىرىدە ئاپتوموبىل ۋە تانكىلارنى بىمالال ھەيدىگىلى بولىدىكەن.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، جۇڭگونىڭ يىراقتا يۇرۇش قوشۇنى ھىندىستان، بېرما ۋە ياپونىيەدە قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇ تارىخ تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، مەن جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ بولىدىغان ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك مەيداننىڭ ماندالاي تۈزلەڭلىكى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. جۇڭگو ئارمىيىسى بېرمىدا پەيدا بولسا، ماندالاي تۈزلەڭلىكىنى قوغداش خەۋپى بولمايدۇ. 1962 - يىلى جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئارمىيىمىز بۇزۇلغان بامبۇكقا ئوخشاش قارلىق تاغلارنى بېسىپ چۈشتى. تۈزلەڭلىككە كەلگەندىن كېيىن ھېچقانداق قارشىلىق بولمىدى. ئەسكەرلەر بارغانسېرى جانلىنىپ كەتتى - دە، پاختا كىيىملىرىنى چۆرۈپ تاشلاشتى.

www.taklimakan.biz

بىرمىدا نۇرغۇن ئىنىقسىز ئامىللار بار. ھەربىيلەر ھاكىمىيەت تۇتىدۇ. مىللەتارىستلار ئورمانىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بىرمىدا كومپارتىيە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ياشىيالمايدۇ، چۈنكى بۆلگۈنچىلەر يەنىلا مەۋجۇت، شۇڭدەك ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئىنتايىن ناچار ھەمدە غەرب ئىغىر بېسىملارنى ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئەگەر چوڭ داۋالغۇش يۈز بەرسە، ھىندىستان ئەلۋەتتە قاراپ تۇرمايدۇ. ئۇ، (ھىندىستان)نىڭ يەنە بىر ئارزۇسى بولۇشى مۇمكىن، يەنى بىرمىنى سىككىم ۋە بۇتان پادىشاھلىقىغا ئوخشاش قىلىۋېتىشتۇر. شۇڭلاشقا، جۇڭگو چوقۇم بالدۇرراق تەييارلىق قىلىشى كېرەك. ئەگەر ھىندىستان ھەرىكەتلەنمىسە، مەن ھەرىكەتلەنمەيمەن؛ ئەگەر ھىندىستان ھەرىكەتلەنسە، مەن چوقۇم ھەرىكەتلىنىشىم كېرەك. ئەگەر ھەر ئىككى دۆلەت ئەسكەر ئەۋەتسە، جۇڭگو ــ ياپونىيە ئۇرۇشىدىن ئاۋۋالقى چاۋشيەندىكى كۆرۈنۈشنىڭ قايتا تەكرارلىنىدىغان ياكى تەكرارلانمايدىغانلىقى نامەلۇم.

نېپالغا دىققەت نەزىرىمىزنى قارىتىشىمىز كېرەك. ھىمالايا تېغىنىڭ بۆلۈڭدىكى بۇ يىراق ۋە كىچىك دۆلەت جۇڭگوغا ھېچقانداق تەھدىت ئېلىپ كەلمەيدۇ، ئەمما ئۇ ھىندىستانغا زور تەۋرىنىشلەرنى پەيدا قىلالايدۇ. مەن بۇ يەردە جۇغراپىيىلىك جەھەتتىكى ئورۇننى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. مىسال كەلتۈرسەم: ھىندىستان جۇڭگونىڭ 90 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يېرىنى ئىگىلەپ، ئاتالمىش «ئارۇناچال پرادېش»نى قۇردى. بۇ يەر شىزاڭدىكى تۈپىرىقى ئەڭ مۇنبەت، ئورمانلىقى قويۇق، كىلىماتى ئىللىق ۋە سۇ لىنىيە تورى شەكىللەنگەن رايون بولۇپ، شىزاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. ئەمما، ھىندىستان بۇ يەرگە ئەسكەرلىرىنى كۆپ ئورۇنلاشتۇرمىغان. جۇڭگو كونتروللۇقىدىكى تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتقان 30 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەر شىنجاڭدىكى ئاقساي چىن رايونى بولۇپ، گەرچە بۇ يەر قاقاس ۋە ئادەمسىز بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئۇ، خەرىتىدىن قارىغاندا كەشمىرگە يېقىن بولغاندىن سىرت، يەنە گانگې دەرياسى ئۇزلەڭلىكىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ، دېھلىغا بىۋاسىتە تەھدىت ئېلىپ كېلەلەيدۇ. ھىندىستان بۇ يەرگە نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان. ھىندىستان ئارمىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شتاب باشلىقى ھىندىستان ئارمىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك چېكىنىش نۇقتىسىنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھىندىستان ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگوغا قارشى ئۇرۇشتا

www.taklimakan.biz

تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى بولسا شىزاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئاقسايچىن رايونىنىڭ ۋە پۈتۈن شىزاڭنىڭ جۇڭگو ئىچكى قۇرۇقلۇقى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر».

ئەگەر نېپال بىزگە ئىشلىسە، ئۇ ھىندىستاننىڭ قەلبىدە تىكەنگە ئايلىنىدۇ. بىز جاۋ گوغا ئوخشاش، ھىمالايا تېغىنى «ئاشقىلى بولمايدىغان داۋان» دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك. ھىمالايا تېغىمۇ باشقا تاغلارغا ئوخشاش بولۇپ، بىزنىڭ ياۋرو ـ ئاسىياغا نەزەر سېلىشتىكى بىر ئىستراتېگىيىلىك ئېگىزلىكىمىز، خالاس. ئۇ بىزگىلا تەۋە، شۇڭا ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىشىمىز كېرەك. ئامېرىكىلىقلار بۇگۈنكى كۈندە نېپال ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا باشلىدى، بىرنەچچە قېتىم ئامېرىكا ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى نېپالغا كىردى. بۇ ھەرىكەت كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغىغان ئىدى.

ئامېرىكىنىڭ ھۆججەتلىرىگە قارىتا، تاقابىل تۇرالىشقا جۇرئىتىم يەتمەيدۇ، ئەمما ھىندىستاننىڭكىگە بولسا ئۆمىدسىزلىنىشكە يول يوق. چۈنكى، ھىندىستاننىڭ ئاجىزلىق نۇقتىلىرى ئىنتايىن كۆپ.

① مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىدە، ئەنگلىيەلىكلەر مۇنداق دېيىشنى ياخشى كۆرەتتى: «ھىندىستان ئافرىقا ۋە ئامېرىكىغا ئوخشاش بىر دۆلەت ئەمەس، بەلكى ئۇ چوڭ بىر قۇرۇقلۇقتۇر. چۈنكى، ھىندىستان تارىختا ئەزەلدىن مىللىي دۆلەت قۇرۇپ باقمىغان، ھىندىستاننىڭ كۈچلۈك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى يوق. ھىندىستاننىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغانلار ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىنماي قالمايدۇ. تۆت چوڭ تەبىقىنىڭ ئىچىدە قانچە دانە مىللەتنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا نەچچە تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى ۋە دىنىنىڭ قانچە خىللىقىنى ھېچكىم ئېنىق بىلىپ بولالمايدۇ».

② كۆپچىلىك ھىندىستانلىقلار مەنىۋى (دىنىي) دۇنيادا ياشايدۇ ۋە چوڭقۇر خىيالىي تۇيغۇغا چۆكۈشكە ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۇمشاق دېتال كەسپى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان، چۈنكى يۇمشاق دېتال مەۋھۇم مەھسۇلاتتۇر. ھىندىستاننىڭ ئىدىيىسى ئىلىم ـ پەندە ئەمەس، بەلكى دىنىي نۇقتىغا تاقىلىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،

www.taklimakan.biz

ھىندىستاننىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 40% گە يېتىدۇ. مەن ھىندىستانغا بارغىنىمدا، ئۇلارنىڭ سايلىمىنى زىيارەت قىلدىم. ساۋاتسىزلىق ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولغاچقا، بېلەت تاشلاش جەريانلىرى قەغەزلەرگە ھەرقايسى سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىلىرىنى سىزىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. خەلق پارتىيىسىگە ماي چىرىغى، مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي پارتىيىسىگە ئىككى كالا، باشقا سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ ھەربىرىگە شىر، مايمۇن ۋە چاشقان قاتارلىق ھايۋانلار ۋەكىللىك قىلىدىكەن.

③ بۇددا دىنى ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، گەرچە ھازىر بۇددىستلار ئاز قالغان بولسىمۇ، باشقا دىنلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ھىندىستاندا پاشا ناھايىتى كۆپ، ئەمما ئۇلار ئىنتايىن ئەخمەق بولغاچقا ئاسان يوقاتقىلى بولىدۇ. نېمىشقا؟ بۇ ھىندىستانلىقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىن كەلگەن. كۆپىنچە ھىندىستانلىقلار «زوراۋانسىزلىق، ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك»كە ئىشىنىدۇ. ھىندىلار پاشا، چۈشىن ۋە ئىتلارغا ئازار بەرمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىشىدۇ. مەن ھىندىستانلىقلارنىڭ پاشىلارنى قالايمىقان ئۇرغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدىم. مەن «جەۋاھارلال نېھرۇ» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورىنىڭ ئۆيىدىكى پاشىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ، سىرتىغا ئاستاغىنا ئېلىپ چىقىپ قويغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. بۇنداق مۇھىتتا ياشايدىغان پاشىدا تەبىئىيلا قوغدىنىش ئېڭى كەمچىل بولىدۇ. ئۇ يەردىكى پاشا، چۈشىلەر جۇڭگودىكى پاشا ۋە چۈشىلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئەمما بۇ يەردىكىلىرى بەكلا سەزگۈر.

ھىندىستاندا نۇرغۇن نامرات كىشىلەر بار، ئەمما جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن. ھەر يىلى مەملىكەت مىقياسىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلارنىڭ سانى پەقەت ئون نەچچىگىلا يېتىدۇ. بۇ ئەجەبا بىر مۆجىزە ئەمەسمۇ؟

④ ھىندىستان ئارمىيەسىنى جۇڭگو ئارمىيىسىگە سېلىشتۇرغاندا، ھىندىستان ئارمىيىسى قىسمەن نۇقتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەنرەك. جۇڭگو ئارمىيىسى ئۆزىنى مۇدداپىئەلىك ئىچكى ۋە تاشقى ئۇرۇشلاردا پىششىپ يېتىلگەن بىر كۈچ، ئەمما ھىندىستان ئارمىيىسى بولسا ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ داۋامىدۇر. بۇ ئارمىيەنىڭ ئىلگىرى يەۋەنمگيۇەن ئوردىسىنى



www.taklimakan.biz

كۆيدۈرۈشكە قاتناشقانلىرى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ئۇرۇشىدا تەلتۆكۈس يوقىتىلغان. ماۋزېدۇڭ ھاياجانلانغان ھالدا: «دۆلەتنىڭ يۈز يىللىق ئار ـ نومۇسى ئاخىرلاشتى» دەپ ۋارقىرىغان ئىدى.

ھىندىستان ئارمىيىسى پۇقرالىرىدىن چەك ـ چېگرالىرىنى ئايرىغان ئالاھىدە بىر قاتلام كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ ھەمدە ئەسكەرلەر ئەسكەرلىكنى پۇل تېپىشىنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغان، ئەسكەرلىك ھەرگىزمۇ مەجبۇرلانمايدۇ. ھىندىستان نۇرغۇنلىغان ھەربىي جابدۇقلارنى سېتىۋالدى، ئەمما ھەربىي ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلىرى بۇتنى رېمونت قىلغانغا ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئۇنى سېتىۋالغان ئىكەن چوقۇم ئىشلىتەلىشى ۋە رېمونت قىلالىشى كېرەك.

ئېسىمدە قېلىشىچە، سۇۋك يىچاك ئەپەندىنىڭ ھىندىستان ھەققىدە بىرقانچە پارچە ئېسىل ماقالىلىرى بار بولۇپ، چېڭدۇ ھەربىي رايونىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ۋاقتىمدا ئۇلارنى توپلاپ نەشر قىلدۇرۇپ، ئەسكەرلەرگە تارقاتقان ئىدىم. سۇۋك يىچاك پۇقرالار ئارىسىدىن چىققان بىر ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى، شۇنداقلا ھەربىي فورما كىيمىگەن ئەسكەردۇر.

قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئامېرىكىنىڭ ھەقىقىي رەقىبىگە ئايلىنىشىمىزغا تېخى بالدۇر بولغىنىدەك، قوشنىمىز ھىندىستاننىڭ بىزنىڭ ھەقىقىي رەقىبىمىزگە ئايلىنىشى ھەم بالدۇر. ئۆز ۋاقتىدا، ھىندىستان «چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتۇرما زەربە بېرىش»نى باشلىماقچى بولغاندا، بۇنى تەيۋەندىن تەلەپ قىلىپ ئۇلاردىن پايدىلانماقچى بولغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەنە بىزنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىگە قاپسىلىپ قالغانلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ، يەنىلا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇرۇشنى تاللاش ئەلۋەتتە دىپلوماتىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى، ئەمما دىپلوماتىك مەغلۇبىيەتتىكى زىيان چوقۇم ئۇرۇش ئارقىلىق تولۇقلىنىشى كېرەك. ئۇرۇشتىن ساقلىنىش مەغلۇبىيەتنى تاللاش دېگەنلىكتۇر. نېھرۇ **50** يىل ئىلگىرى ئۆزىچە «جۇڭگو ماڭا ئۇرۇش ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ» دەپ ئويلايتتى. ماۋزېدۇڭ بىر مەزگىل ھىندىستان ئارمىيىسىنىڭ خەرىتە ئۈستىدىكى ھەربىي بازىلىرى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەندىن كېيىن، قولىنى بىر پۇلاڭلىتىپ خۇنەن تەلەپپۇزىدا: «ئۇنى سۈپۈرۈڭلار!» دېدى. ماۋ خۇنىدوك يوق قىلىندى، ئەمما جۇڭگو يەنىلا ئۆز ھالىتىدە ساقلىنىپ قالدى. ئالدىنقى ئەسىردىكى

www.taklimakan.biz

جۇڭگو ـ ھىندىستان ئۇرۇشىدا، ھىمالايا تېغى ھىندىستانلىقلارنىڭ بۇ ئەسىردىكى «نالە ـ پەرياد تېمى» بولۇپ قالدى.

**غەرب تەرەپكە شۇڭغۇپ كىرىش شەرقنى ساقلاپ قېلىش دېگەنلىكتۇر.**

شەرقتە جۇڭگونىڭ زىممىسىگە يېرىم ئارالنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن.

بىز بىر سوئالغا جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك. يەنى، جۇڭگونىڭ يېڭى ئەسىردىكى ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىسىدا «شەرققە جىددىي قاراش كېرەكمۇ ياكى غەربىي رايونغىمۇ؟ ياكى شەرق بىلەن غەرب تەرەپنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ئوخشاش تۇرامدۇ؟ ياكى شەرققە ھازىرچە ئەھمىيەت بەرمەستىن، غەرب تەرەپكە جىددىي قاراش كېرەكمۇ؟». مەن ئەڭ ئاخىرقىسىغا قوشۇلىمەن.

مېنىڭچە، جۇڭگونىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش چارىسى سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ قارشى يۆنىلىشى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى، ئالدى بىلەن قۇرۇقلۇق چېگرا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشى، ئاندىن دېڭىز چېگرا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشى كېرەك. غەربىي ۋە شەرقىي جەنۇب دېڭىز قىرغاقلىرىدا ئەلۋەتتە ئۆزئارا ماسلىششىچانلىق مەۋجۇت. شۇنىسى ئېنىقكى، تەيۋەن بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇق ئىرق، مەدەنىيەت ۋە مىللەت جەھەتتىن ئوخشاش بىر گەۋدە بولالايدۇ. گەرچە ئازراق مەسىلە كۆرۈلسىمۇ، ئۇلار كەلگۈسىدە يەنىلا قايتىپ كېلىدۇ. شىنجاڭ بىلەن شىزاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ، مۇبادا ئۇ يەرلەردە بىرەر مەسىلە كۆرۈلۈپ قالسا، بۇ زېمىنلارنىڭ قايتىدىن جۇڭگونىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ.

ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسى قانچىلىك كەڭ بولسا، مەسىلىلەرنى ھەل قىلالىش ئىقتىدارى شۇنچىلىك يۇقىرى بولىدۇ. تاغدا ياشايدىغان ئاھالىلەرگە ئۇ تاغ مەڭگۈ قىينچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، ئەمما ئۇ تاغدىن يىراق جايلاردا ياشايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن، ئۇ تاغ پەقەت ئاسانلا ئايلىنىپ ئۆتكىلى بولىدىغان ئېگىزلىك، خالاس. بىز تاغدا تۇرۇپ يىراققا قاراشتىن كۆرە، يىراقتا تۇرۇپ تاغلارغا قاراشنى خالايمىز. ئىستراتېگىيە ئۇزۇن

www.taklimakan.biz

مۇددەت تەپەككۇر قىلىشنى ۋە كۈتۈلمىگەن بارلىق ئەھۋاللارنى ئويلىششنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇردا، ئەڭ ئېغىر ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى چىقىش قىلىش كېرەك.

جۇڭگونىڭ بۇ باسقۇچتا پەقەت بىرلا ئىستراتېگىيىلىك نىشانى بار بولۇپ، بەك كۆپ نىشان بەلگىلىۋالماسلىق كېرەك. نىشاننى ئازلىتىش خەتەرنى ئازلىتىشتىن؛ نىشاننى يوقىتىش خەتەرنى يوقىتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بىر نىشاننى چىڭ تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

www.taklimakan.biz

# 4 ـ يەنە بىر «غەربىي دىيار»

مەن ئەزەلدىن بىر سوئالنى قايتا ـ قايتا ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتىمەن. يەنى، «جۇڭگونىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي سەۋىيىدىكى <غەرب> بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ؟».

جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن قارىغاندا، غەرب تەرەپ زېمىنى كەڭرى ۋە قاقاسلىق بولۇپ، تەرەققىياتقا ۋە كۆپ ئىشلەشكە مۇھتاج، ئەمما ئۇ ئۈمىدكە تولغان، ھەتتا جۇڭگونىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قانداقمۇ ئۈمىدكە تولمىسۇن؟

جۇڭگونىڭ كەلگۈسى چىقىش يولى بولسا، سىياسىي تۈزۈلمىلەرگە قارىتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا؛ غەربىي دىيارنىڭ تېپىك چىقىش يولى بولسىمۇ پارتىيىمىزنىڭ ئىسلاھ ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي تۈزۈلمىلىرىنى ئىجرا قىلىشقا باغلىق. ئىلغار سىياسىي تۈزۈم ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات بولسا چېگرا مۇقىملىقىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئالدىنقى بۆلەكتە تىلغا ئېلىنغان، غەرب تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەش ۋە شەرقنى مۇداپىئە قىلىش مەسىلىسىمۇ بۇنىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. چېن شۈيبيەن بۇ يىل مايدا «پرېزىدېنت» بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى سوئال كۆلكىلىك بىر تېمىغا ئايلاندى: «چېن شۈيبيەن قانداق بولۇپ زۇڭتۇڭلۇققا تاللاندى؟». سانلىق مەلۇماتلاردا «چېن شۈيبيەن 6 مىليون 471 مىڭ 970 دانە ئاۋازغا ئېرىشىپ، كۆك لاگېرنى 0.228 پىرسەنت پەرق بىلەن يەڭدى» دەپ كۆرسىتىلگەن. چېن شۈيبيەن دەسلەپتە 0.64 پىرسەنت، ئىككىنچى قېتىم 0.71 پىرسەنت، ئۈچىنچى قېتىم 0.97 پىرسەنت، ئاخىرىدا 0.228 پىرسەنت پەرق بىلەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. ئويلانماستىن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر ئېغىر بىر مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، يەنى تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى مەسىلىسىدۇر.

چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە تەيۋەننىڭ ئېچىۋېتىش سىياسىتى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، چوڭ قۇرۇقلۇق ۋاقىت جەھەتتە تەيۋەندىن سەل بالدۇر

www.taklimakan.biz

ئېچىۋېتىلگەن. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياسىتى پۈتۈن دۇنيانىڭ قەلبىگە ئىنتايىن ياققان ئىدى، جياڭ جىڭگومۇ بۇ سىياسەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى ـ دە، قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈشكە باشلىدى. چوڭ قۇرۇقلۇق ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەيۋەنگە يېتىشىۋالدى، تەيۋەنمۇ سىياسىي جەھەتتىن چوڭ قۇرۇقلۇققا يېتىشىۋالدى. يېڭى ئەسىردە يەر شارى خاراكتېرلىك بەسلىشىش دولقۇنى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ، دۇنيانىڭ دائىرىسى بارغانسېرى كىچىكلەۋاتىدۇ، دېڭىز تارىيىۋاتىدۇ. ئەمما، ئەكسىچە تەيۋەن بوغۇزى نېمىشقا كېڭىيىدۇ؟

چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ تەيۋەننى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدىغان ياكى كەلتۈرەلمەيدىغان ئاچقۇچى چوڭ قۇرۇقلۇقتا، تەيۋەننىڭ بىرلىككە كېلىش ئىرادىسىنىڭ ئاچقۇچى ھەم تەيۋەننىڭ ئۆزىگە باغلىق. ئىچكى ئىنقىلاب ئەڭ چوڭ ئىنقىلابنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەيۋەن چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ قەلبىدىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى كېرەك، چوڭ قۇرۇقلۇقمۇ ھەم تەيۋەننىڭ قەلبىدىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى كېرەك. تەيۋەنلىكلەرنىڭ قەلبىگە قانلىق پاجىئەلەر ھېس ـ تۇيغۇسى ئورناپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار «تەيۋەننى جۇڭگو مۇشۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان» دەپ قارايدۇ. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا، تەيۋەن چەتئەل دۆلەتلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. جياۋۇ ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تۆت مىليون ئادەم يىغلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ قايغۇسىنى ئىپادىلەپ: «ئۆتكەن يىلىنىڭ بۈگۈنكى كۈنىدە تەيۋەن بىزدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن» دېگەن ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، جياڭ جېشى تەيۋەننى ئىشغال قىلدى ۋە ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدا قان تۆكتى. شۇ يىلىنىڭ 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى كۆز ياشلار بۈگۈنگە قەدەر تۆكۈلۈۋاتىدۇ. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغاندىن كېيىن، تەيۋەن تۇيۇقسىز «تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق» بولۇپ قالدى. 1996 ـ يىلى چوڭ قۇرۇقلۇق تەيۋەننىڭ شىمالىدىكى دېڭىز رايونلىرىغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بەردى. ئۇ يىل جياۋۇ ئۇرۇشىنىڭ يۈز يىللىقىنىڭ خاتىرە كۈنى بولۇپ، تەيۋەنلىكلەرنىڭ قايغۇسى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. مانا بۇ بىر ئەسىرلىك پاجىئەلەر لىي تېڭخۈينىڭ سايلىنىشىغا سەۋەب بولۇپ قالدى.

www.taklimakan.biz

غەم ـ قايغۇنــى يوقتـــش ئۆچمەنلىكنــى يوقتـــش دېمەكلىكتــۇر . قايغۇنــى زورلــۇق ۋە مەجبــۇرلاش ئارقىلــق تۈگەتكىلــى بولمايــدۇ ، ئــۇ ۋاقىتتــا ئىقتىســادىمۇ ئەسقاتماســلىقى مۇمكىــن . ئۆتكــەن بىرقانچــە يىلدىكــى ئەمەلىيــەت شــۇكى ، ئىقتىســاد قانچــە قىزغىنلىــق بىلــەن دەســمىي سىلىنىســا ، سىياســەت شــۇنچە ســۇس بولــدى .

تىراگېدىيەنــى ئاخىرلاشــتۇرۇش سىياســي ســەۋىيىدىكى ۋەزىپىگــە تاقىلىــدۇ . ئــۇرۇش كۆنىدىكــى ســەنئەت بولســا ، يۇرەكنىــڭ رولىنــى ئۆتەيدىغــان جايلارغــا بېرىنچــى بولــۇپ ھۇجــۇم قىلىــش ، شــەھەرلەرگە ھۇجــۇم قىلىــش قوشــۇمچە ئورۇنــدا تۇرىــدۇ .

تەيۋەنگــە كەلســەك ، بىــز جامائــەت پىكرىنــى جامائــەت پىكرىگــە قارشــى تــۇرۇش ئۈچــۈن ئىشلىتەلمەيمىز ، شــۇنداقلا قانۇندىــن پايدىلىنىــپ قانــۇن بىلەن كــۈرەش قىلالمايمىــز . تەيۋەنگــە بولغــان قىزىقىــش ھەتتــا ئائىلىلەرگىمــۇ سىڭىــپ كىرەلمىســە ، «ئائىلــە قانۇنــى» ئۇنىــڭ ئۈچــۈن قانداقمــۇ چەكلــەش كۈچىگــە ئىگــە بولســۇن؟

دوســتنى دۇشــمەنگە ئايلانــدۇرۇش ئاســان ، ئەممــا دۇشــمەننى دوســتقا ئايلانــدۇرۇش قىيىنــدۇر . تەيۋەننــى ئۇلــۇغ ۋەتەننىــڭ ياخشــى كۆرۈشــىگە ئايلانــدۇرۇش ئۈچــۈن ماۋزېدۇڭدىــن جيــاڭ زېمىنغىچــە بولغــان ئــۈچ ئــەۋلاد رەھبەرلىــك جاپالىــق تىرىشــچانلىقلارنى باشــتىن كەچــۈردى ھەمــدە نۇرغۇنلىغــان قان ـ تەرلەرنــى ســىڭدۈردى ، ئەممــا تەيۋەننــى دۇشــمەن قىلىــش ئۈچــۈن پەقــەت بىــرلا پىكىــر كېــرەك . بىــز تەيۋەنگــە قانچىلىــك بېســىم قىلســاق ۋە تەيــۋەن ئامېرىكىغــا قانچــە يېقىــن بولســا ، ئــۇ ئامېرىكىغــا شــۇنچە بېقىنىــدۇ ، ئامېرىــكا تەرىپىدىــن شــۇنچە قىســىلىدۇ . تەيۋەندىكــى بىرەيلــەن : «تەيۋەنــدە خەلقئــارا ســەھىيە تەشــكىلاتى كۆزەتكۈچىســىنىڭ بولۇشــىغا رۇخســەت قىلىنمايــدۇ ، نېمىشــقا شــياڭگاڭدا رۇخســەت قىلىنىــدۇ؟» دەپ ســورىغان .

مەســىلەن : جۇڭگــودا بۆلۈنــۈش مەسىلىســى بــار ، تەيۋەندىمــۇ ھــەم مەۋجــۇت . تەيۋەننىــڭ ئوتتــۇرا قىســمىدىكى جۇۋشــۈي دەرياســىنى چېگــرا قىلىــپ ، گومىنداڭنىــڭ كۈچــى شــىمالغا ، دېموكراتىــك تەرەققىيــات پارتىيىســىنىڭ كۈچــى جەنۇبقــا مەركەزلەشــكەن . شــىمال بىلــەن جەنۇبتىكــى كىشــىلەرنىڭ قىممــەت

www.taklimakan.biz

قارىشىدا ۋە سىياسىي يۆنىلىش چۈشەنچىسىدە خېلىلا زور پەرق بار. بىر قىسىم تەيۋەن مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭ بۇيان تەيۋەننى پەقەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، ئىككى دۆلەت قۇرۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە. مانا بۇ ۋەزىيەتتىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆز ۋاقتىدا ناپالېئون كۈچ تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق يېڭى بىر دەۋر ياراتقان. يەنى، ئەنگلىيەگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلۈكىدىن لۇئىسئانا شىتاتىنى ئامېرىكىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ ئامېرىكىنىڭ كۆلىمى بىر كېچىدىلا بىر ھەسسە قاتلانغان ئىدى. ناپالېئونمۇ ئەنگلىيىنىڭ غەرب تەرىپىگە يەنە بىر چوڭ دۆلەت قۇرۇپ چىقتى، ئاخىرىدا ئەنگلىيەنى شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىن قوغلاپ چىقاردى.

مەن كۆپ يىللاردىن بۇيان تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ ھەرقايسى لىنىيىلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئاخىرى مۇنداق يەكۈنگە ئېرىشتىم: «تەيۋەن دېموكراتىيەنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ ئىتتىپاقلىشىشقا ۋە بىرلىشىشكە قارشى تۇرماقتا». تەيۋەنلىكلەرنىڭ قارىشىچە، كۈچ جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، تەيۋەننىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ مۇستەقىللىق تەلىپى ئەمەس، بەلكى «دېموكراتىيە»گە ئېرىشىش ئىكەن؛ «ج ك پ»نىڭ بېسىمى قانچە چوڭ بولسا، تەيۋەن «دېموكراتىيە»نى شۇنچە كەڭرى بەرپا قىلىشى كېرەك ئىكەن. مۇستەقىللىق دۇنيانى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ، ئەمما «دېموكراتىيە» كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى ئۇتالايدۇ.

ئۇ (تەيۋەن) يەنە، ئامېرىكىنىڭ پروتېستانت دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەنى پۈتۈن دۇنياغا كەڭرى تارقىتىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئامېرىكىنى «ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن چوڭ قۇرۇقلۇقنى توسۇۋاتىدۇ» دېيىشتىن كۆرە، «ئامېرىكا تەيۋەننى ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن قوغدايدۇ» دېيىش توغرا بولىدۇ. بۇ، ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ دۆلەت مەنپەئىتىدۇر. تەيۋەندىكى كىشىلەر ھازىر ئاتالمىش «دېموكراتىيە»نى يېمەكلىك ۋە كىيىم ـ كېچەكتىن بەكرەك قەدىرلەيدۇ. تەيۋەن بۇ ئىدىيە بويىچە مۇنۇ ساۋاقلارغا ئېرىشتى: «دېموكراتىيە چوقۇم لىبېرالىزمنى ئاساس قىلىشى

www.taklimakan.biz

كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ مۇستەبىت سىياسەت بولۇپ قالىدۇ». تەيۋەن دېموكراتىيىسى زوراۋانلىققا تولغان. يەنى، چېن شۈيبيەن ئىككى پاي ئوق بىلەنلا «پرېزىدېنت»قا ئېرىشكەن ئىدى. بۇ تەيۋەن دېموكراتىيەسىگە نىسبەتەن بىر چوڭ مەسخىرە ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى باسقۇچتا تەيۋەندە پەقەت دېموكراتىيەنىڭ شەكلىلا مەۋجۇت، ئەمما دېموكراتىيەنىڭ ئاساسىي ماھىيىتى يوق. لى تېڭخۇي ۋە چېن شۈيبيەن ھەر ئىككىلىسى ئىنتايىن ناچار كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار سايلامغا قەستەن ھىيلە ئىشلەتتى، شۇنىڭ بىلەن غەلىبە قىلىشتى. بۇ نېمىدېگەن نومۇسسىزلىق ـ ھە!!!

شىياڭگاڭ مەسىلىسىنىڭ خاراكتېرى تەيۋەن مەسىلىسىگە ئوخشىمايدۇ، ئەمما شىياڭگاڭنىڭ تەيۋەنگە بولغان تەسىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. شىياڭگاڭنىڭ ماسلىشىشى ئانا قوينىغا قايتىپ كېلىپ يەتتە يىلدىن كېيىنمۇ يەنە ئاستا بولۇۋاتىدۇ. كۆرۈلگەن مەسىلە بەك چوڭ ئەمەس، بىراق بەزى نۇقسانلار يەنىلا مەۋجۇت. پەن يى مۇنداق دېگەن: «تەيۋەن سايلىمى باشلىنىپلا قالسا، شىياڭگاڭدا داۋالغۇش پەيدا بولىدۇ. بۇ تاسادىپىيلىقمۇ ياكى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە قول تۇتۇشۇپ سايلامدىن كېيىن ئۇسسۇل ئوينىدىمۇ؟ بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ».

شىياڭگاڭ ۋە ئاۋمېن ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ رەھبىرى ئەينى ۋاقىتتا مۇنداق دېگەن: «<بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم>نىڭ يىلتىزى يەنىلا بىر دۆلەتتە بىر خىل تۈزۈمدىن كەلگەن». بۇ، دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيىسىدىن خېلىلا يىراق تۇرىدۇ. سىز بۇ خىل پىكىر بىلەن يەنىلا تەيۋەننى قولغا كىرگۈزمەكچىمۇ؟ لى ئاۋنىڭ «<ج ك پ> ئىلگىرى تەشۋىقاتتا ناھايىتى ماھىر بولۇپ، گومىنداڭنىڭ ئىناۋىتىنى تەشۋىقاتتا چۈشۈرۈپ، قىرغاقنىڭ ئۇ تەرىپىگە چىقىرىۋەتكەن ئىدى. ئەمدىلىكتە <ج ك پ> قانداق تەشۋىق قىلىشنى بىلمەيۋاتىدۇ، ھەتتا تەشۋىقات جەھەتتە ماگىمۇ يېتەلمەيۋاتىدۇ» دېگەن سۆزى خېلىلا چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

تەيۋەنگە قوش بىسلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ناۋادا ھەيۋە يېتەرلىك كۆرسىتىلمىسە، مېھىر ـ شەپقەتمۇ يېتەرلىك بولمايدۇ؛ ئەگەر مېھىر ـ شەپقەت يېتەرلىك بولمىسا، ھەيۋە قىلغانلىقنىڭ پايدىسىمۇ بولمايدۇ.

تەيۋەن ھەققىدە توختالغاندا، بىز چوقۇم تەيۋەننىڭ دېموكراتىك بۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ رېئاللىققا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلىشىمىز كېرەك. DPPنىڭ «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» تەلىپى ئارىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئادىتىدىكى ئوردىدا ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش كۆرىشى بولماستىن، بەلكى باشلىنىشىدىلا دېموكراتىك تەلەپ سۈپىتىدە يولغا قويۇلغان. بۈگۈنكى ئەڭ ئاچچىق ھەقىقەت شۇكى، چوڭ قۇرۇقلۇق تەيۋەن خەلقىنىڭ قەلبىنى ۋە ئىدىيىسىنى ئىگىلىيەلمىدى. تەيۋەن بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سىياسىي تۈزۈملەر ئۆزئارا قارشىلاشقاندا بولسا، پەرق تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. بۇ پەرقنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى (ئاقىۋىتى) شۇكى، بىزنىڭ تەرەپ رەقىبىگە بولغان ھېسسىياتنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. ئۇنداقتا رەقىب كىم؟ ئۇلار نېمە قىلماقچى؟ ئۇلار بۇ ھەقتە ھېچنېمە بىلمەيدۇ.

www.taklimakan.biz

# 5 ـ خاتىمە

چوڭ قۇرۇقلۇق سىياسىي تۈزۈلمىدىكى ئىسلاھاتقا ئېھتىياجلىق. «سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى» دېگەنلىك يەنە بىر «شاڭ داڭ» دېگەنلىكتۇر (بۇ، لىيۇ يا جۇ يازغان «غەربىي دىيار نەزەرىيىسى»نىڭ داۋامى بولۇپ، يازغۇچىسى نامەلۇم).

مىڭ يىلدىن بۇيان مىللىي رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن داۋاملىشىۋاتىدۇ. مىللىي رىقابەت ھەر تەرەپلىمىلىك بەسلىشىش بولۇپ، ئۇ بىر خىل ئۇنىۋېرسال ساپا ئۈستۈنلۈكىنى تالىشىشنى كۆرسىتىدۇ. بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى زوراۋانلىق ۋە ئۇرۇش بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئاساسلىقى مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىشىنى ۋە شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شاڭخەيدىكى مەلۇم بىر مەشھۇر كىشى مۇنۇ سۆزىدە ناھايىتى توغرا ئېيتقان: «شاڭخەيىنىڭ كېيىنكى نۆۋەتلىك رىقابەتچىلىرى لوندون، نيۇ ـ يورك ياكى توكيو ئەمەس، بەلكى شاڭخەيىنىڭ ئۆزىدۇر». بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، بىزنىڭ ھازىرقى رەقىبىمىز ئامېرىكا، ياپونىيە ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزدۇر. نىتچىي مۇنداق دېگەن: «ھەممە ئادەم ئۆزىدىن ئەڭ يىراق، ئۆزىنى مەغلۇپ قىلىش باشقىلارنى مەغلۇپ قىلىشتىن مىڭ ھەسسە قىيىندۇر». مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىزنىڭ چوقۇم سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

يەر شارىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ سۈرئىتى ئوخشىمايدۇ، يەنى ھەر ئون يىلدا بىر تۈردىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى؛ ھەر يۈز يىلدا جەمئىيەتلەرنىڭ ئالمىشىشلىرىنى؛ ھەر مىڭ يىلدا مەدەنىيەتنىڭ يېڭىلىنىشىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بەزى ئالىملار «ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئون يىل ئىچىدە مۇستەبىت سىياسەت دېموكراتىك سىياسەتكە ئۆزگىرىدۇ» دەپ پەرەز قىلغان.

كەلگۈسىدە جۇڭگودىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. بىز سىياسەتكە ئىقتىسادىي كۆز بىلەن قاراپلا قالماستىن، يەنە ئىقتىسادقىمۇ سىياسىي كۆز بىلەن

www.taklimakan.biz

قارىشىمىز كېرەك. بەلكىم، سىز سىياسەتكە كۆڭۈل بۆلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئەمما سىز خالىمىسىڭىزمۇ سىياسەت سىزگە چوقۇم كۆڭۈل بۆلىدۇ. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش تارىخ بىزگە يۈكلىگەن ۋەزىپىدۇر. چېكىنىشكە يول يوق. كەلگۈسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، كەلگۈسى ناھايىتى پارلاق، ئەمما ئارقىغا قارىغىنىمىزدا بىزنى چوڭقۇر ئازگال كۈتۈپ تۇرماقتا.

جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلدى، ئاسان نۇقتىلىرى ئاللىقاچان ئۆزگەرتىلدى، قالغانلىرى بولسا ئەڭ قىيىنلىرىدۇر. بۇنىڭدىكى ھەربىر قەدەم خۇددى مىنا رايونلىرىدىن ئۆتۈشكە ئوخشايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللانغان ئىسلاھاتى شۇ بولدىكى، ئۇلار قىيىندىن ئاسانغا يۆتكىلىش لىنىيىسىنى تاللىغان، ئۇلار ئەڭ قىيىن باسقۇچتىن ئۆتۈپ بولدى. ئەمما، جۇڭگو بولسا تېخى ئەڭ قىيىن ئۆتكەل ئۈستىدە تۇرماقتا. ھازىر بەزى كىشىلىرىمىز قۇدۇقتىكى پاقىغا ئوخشاش رۇسىيەنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ساۋۇقى ھەمىشە جۇڭگونىڭ ئەينىكى بولۇپ كەلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئاساسلىقى ئىچكى توقۇنۇشلار تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولغان ئىدى. ئۇ، دۇنيادىكى باشقا كۈچلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرىدا ھېچقاچان مەغلۇپ بولغان ئەمەس، بەلكى تۈزۈم رىقابىتىدە ئاجىز كېلىپ قالغان. ئەگەر مەلۇم بىر تۈزۈمگە ئۇنىڭغا ئەڭ لايىق بولغان رەھبەرلەر قويۇلمىسا، ئۇ تۈزۈم چوقۇم يوقىلىدۇ ۋە مۇنقەرز بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈزۈم مەسىلىسىدە ئەڭ كۆپ خاتالىق سادىر بولغان.

تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر ئادەتتىكىدەكمۇ ياشىيالمايدۇ، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر بۇرۇنقىدەك ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ مۇقىملىقنى تەكىتلەپ، مۇقىملىقنى ئاساسلىق نىشان دەپ قارىغان ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى ھالىتىنى ساقلاشنى مۇقىملىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ۋاستىسى دەپ تونۇغان. «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن قاراش، ئاخىرىدا زىددىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ، ئەكسىچە ھەممە نەرسە مۇقىملىقتىن ئۈستۈن كېلىپ، ئۇنى بېسىپ چۈشىدۇ.

### 1. ئىدىيەنىڭ كۈچى.

www.taklimakan.biz

سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئاساسلىقى مۇستەبىت سىياسەتنى ئىسلاھ قىلىشنى نىشان قىلىدۇ. كۈچ جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ۋە مۇتلەق تايىنىش جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ بۈگۈندىكىلا ئەمەس، بەلكى مىڭ يىللىق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. جۇڭگونىڭ مۇستەبىت سىياسىتى شاڭ ياڭنىڭ دەۋرىدە ئاساس سېلىنغان، چىن شىخۋاڭنىڭ دەۋرىدە شەكىللەنگەن، خەن ۋۇدىنىڭ دەۋرىدە مۇكەممەللەشكەن. كۇڭزىچىلىق ئىدىيىسىگە ئىگە بولۇش، پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتۇر. جۇڭگو ۋە غەربتىكى سىياسىي ھوقۇقنىڭ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلىرى تۈپەيلىدىن، مىڭ يىللار مابەينىدە جۇڭگو ۋە غەربنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئوخشىمىغان يوللىرى بەلگىلەندى. دەل مۇشۇ ئارقا كۆرۈنۈش پەرقى سەۋەبىدىن، يۈز يىلدىن بۇيان جۇڭگو غەربنىڭ سىياسىي ئىسلاھات بۆلۈملىرىدىن قايتا ـ قايتا ئۆلگە ۋە ساۋاقلارنى قوبۇل قىلدى.

بىراق، ئاقىۋەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان سىياسەت باشقا ساھەلەردە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شۇنداق ياخشى جارى قىلدۇردى ـ يۇ، بىراق سىياسىي ساھەگە كەلگەندە بىر قەدەممۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى. بۇ سەۋەبلىك دائىم تۈيۈقسىز كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەر كېلىپ چىقىپ، ئىسلاھاتچىلارنى تەمتىرىتىپ قويىدۇ ـ دە، پۈتۈن ئارمىيەنى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ قويىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ سىياسىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلماقچى بولۇپ، كۈچلۈك ئىرادىمۇ باغلىغان ئىدى. ئەمما، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سىياسىي ئىسلاھات بىلەن ئەنئەنىۋى سىياسىي ھوقۇق قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشالماسلىق كۈنسېرى گەۋدىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە داۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاخىرىدا، پارتىيە رەھبەرلىرى «سىياسىي ئىسلاھاتتىن ۋاز كېچەلەمدۇق ياكى سىياسىي ھوقۇقتىنمۇ؟»دىن ئىبارەت ئىككى تاللاش يولىغا دۇچ كېلىپ قالدى.

## 2. تۈزۈمنىڭ كۈچى.

جۇڭگو غەربنى دورىيالمايدۇ، رۇسىيەنىڭ ھەم شۇنداق. ئامېرىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ سىرلىرى ھەرگىزمۇ خىتاي كوچىلىرىدا، كرېمىنى جىلغىسىدا ياكى بازار ئىگىلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن مۇددەتلىك قانۇن

www.taklimakan.biz

بىلەن ئىدارە قىلىش ۋە بۇنىڭ ئارقىسىدا تۈزۈمنىڭ بولغانلىقىدا. دەل مۇشۇ تۈزۈم ھەرقانداق كىشىنىڭ (كىم ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىن قەتئىينەزەر) تولۇق تەرەققىي قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. دېمىسىمۇ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرىنىڭ ئىقتىدارى ئالدىنقى ئەۋلادلارغا قارىغاندا تۆۋەن بولغان ئىدى، بۇلار ئالدىنقىلارغا قارىغاندا خېلىلا ئېغىر مەسىلىلەرگە يولۇققان، ئەمما ئامېرىكا يەنىلا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئامېرىكىنىڭ تۈزۈمى «ئىنتايىن ئەقىللىق كىشىلەر تۈزگەن بولغاچقا، ئەخمەقلەرمۇ مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدۇ» دەپ سۆيۈپەتلەنگەن. ناچار تۈزۈم ياخشى كىشىلەرنى يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ؛ ياخشى تۈزۈم ناچار كىشىلەرنىمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. دېموكراتىيە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، دېموكراتىيە بولمىسا سىجىل ئۆرلەش مۇمكىن ئەمەس. دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ تارقىلىشى دۆلەت چېگراسى بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ھەتتا تارىخ بىلەنمۇ چەكلەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. جۇڭگونىڭ سەرخىللىرى ھەم جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن قوللىنىشچان تۈزۈمنى تېپىشقا ھەرىكەت قىلىشلىرى كېرەك. ئىنقىلابىي قۇربان بولۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما باشلامچى بولۇشىڭىز كېرەك.

2010 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئامېرىكا ئارمىيىسىدە توققۇز يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشقان ئافغانىستان ئۇرۇشىغا قارىتا تاقەتسىزلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئالىي قوماندانى مەككرىستېل ئوباما تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى تېزلا پېترىۋۇس ۋەزىپىگە ئولتۇردى ـ دە، قوشۇننىڭ سانىنى ۋە ئورۇنلىرىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى. تەھلىل قىلىنىشىچە، «ئامېرىكا ئارمىيىسى تالىبانلارغا قاراتقان ھۇجۇمنى كۈچەيتىپ، ئۇرۇش ئارقىلىق تالىبانلارنى سۆھبەت ئۈستىلىگە ئەكېلىشنى پىلان قىلغان. ئامېرىكىنىڭ بۇ چاغدا ئافغانىستاندا قىممىتى بىر تىرىليون يۈەنگە يېتىدىغان كان مەھسۇلاتىنى بايقىغانلىقىنى جاكارلىشى ــــ ئافغانىستاننىڭ ھازىرقى ھاكىمىيىتىنى خاتىرجەم قىلغاندىن باشقا، بۇ ئارقىلىق قوشنا دۆلەتلەرنى ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىنى قوللاشقا ئۈندەپ، بالدۇرراق چېكىنىپ چىقىشقا قولايلىق شارائىت تەييارلاۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ قارالدى.

www.taklimakan.biz

ئامېرىكا ئىككىنچى قېتىملىق «ۋېيتنام پاتقىقى»نىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئافغانىستان مەسىلىسى ھەل قىلىنماي تۇرۇپلا چېكىنىپ چىقامدۇ ـ يوق؟ مانا بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىگە زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ.

بۇ يىل **5** ـ ئايدىن باشلاپ قىرغىزىستاننىڭ ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئالدىنقى ئىككى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقىنىڭ بەك چوڭ بولۇشى سەۋەبىدىن، ئومۇمىي خەلق چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمنى پارلامېنت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلغان. گەرچە پارلامېنت تۈزۈمى زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ۋە جەمەتىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالىسىمۇ، لېكىن پارلامېنت تۈزۈمى دۆلەت ھوقۇقىنىڭ چېچىلىپ كېتىشىنى، ھەتتا ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ تەختكە چىقىۋېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قىرغىزىستاندا ئىرقىي توقۇنۇش يۈز بەرگەندە رۇسىيە قىرغىزىستاننىڭ ئەسكەر چىقىرىپ تەرتىپنى قوغداش تەلىپىنى ئىككى قېتىم رەت قىلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر تەرەپتىن چوڭ دۆلەتلەر چېكىنىپ چىقىشتەك بوشلۇق ئەھۋالى كۆرۈلۈشى مۇمكىن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولماسلىق، داۋالغۇش پەيدا بولۇش، ھەتتا ئىچكى مالىمانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنىڭ كۆپىيىش ئېھتىماللىقىمۇ بار. بۇ جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۇرسەت بىلەن خەۋپ ـ خەتەرنىڭ تەڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**10** يىل ئىلگىرى گېنېرال ليۇ ياجۇ ئامېرىكا ئارمىيەسى ئافغانىستانغا كىرگەندە، «غەربىي دىيار نەزەرىيىسى»نى يېزىپ، جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيەسىنى غەرب تەرەپكە يۆتكەشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلغان ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، جۇڭگو ناھايىتى تېزلا ئېنېرگىيە ئىمپورت قىلىدىغان ئىككىنچى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىمۇ ناھايىتى تېزلا جۇڭگونىڭ ئەڭ كۆپ مەبلەغ سالىدىغان جايلىرىغا ئايلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ جۇڭگوغا بولغان مۇھىملىقى دەل ليۇ ياجۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى ھۆكۈمنى ئىسپاتلاپ

www.taklimakan.biz

بەردى .

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي رايونلارنىڭ جۇڭگوغا بولغان مۇھىملىقى بۈگۈنكى كۈندە ھەممىگە روشەنلەشكەن پاكىتقا ئايلانغاندا، ليۇ ياجۇ يەنە مەزكۇر كىتابتا، بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ۋە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھمىيىتى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭگونىڭ غەربىي رايونلارنى ئىچىش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشتە كەتتۈرۈپ قويغان مەسىلىلىرى؛ قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك ساۋاقلار؛ دۇچ كەلگەن خىرىسلارنى تەھلىل قىلىپ ۋە خۇلاسىلەپ، ئەسلىي تېكىست ئاساسىدا قايتىدىن تۈزىتىش كىرگۈزگەن.

www.taklimakan.biz

www.taklimakan.biz